
بسم الله الرحمن الرحيم
واعتصموا بحبل الله جميعا ولا تفرقوا

# جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى

# 中国穆斯林

# المسلم الصيني





3

2001

مجلة إسلامية ثقافية علمية جامعة

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com




4- نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى 5 -ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.



مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن قارىي ۋە قارىيەلەر مۇسابىقە مەيدانىدا.








①② 1- لىككە ئېرىشكەن ئابدۇقەييۇم قارىي ۋە چېڭ رۇي قارىيە

③④ 2- لىككە ئېرىشكەن ئابدۇغوپۇر قارىي ۋە ماگۇاڭمىڭ قارىي


⑤⑥ 3- لىككە ئېرىشكەن ئابدۇلېتىپ قارىي ۋە نوئمان قارىي (زاگزۇ)












مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا ئىسلام ئەللىرىنىڭ جۇڭگودا تۇرۇشلۇق ئەلچىلىرى ئىشتىراك قىلدى.



جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەھبەرلىرى مۇسابىقىدا نەتىجىگە ئېرىشكەن قارىي ۋە قارىيەلەر بىلەن خاتىرە سۈرەتكە چۈشتى.
(سۈرەتلەرنى بارات رەجەپ، لى ۋېنسەي تارتقان)

بسم الله الرحمن الرحيم

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى www.uyghurkitap.com

# مۇندەرىجە



## ئالاھىدە خەۋەرلەر

4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى.......................... (4)

## ئىسلام ئىلمى تەتقىقاتى

ئىمان ۋە بەخت.......................... سابىر ئىمام (6)
ۋاقىت، پۇل ۋە بىلىم توغرىسىدا...... ئابدۇۋايىت خۇدابەردى (9)

## «قۇرئان كەرىم» تەتقىقاتى

«قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى — «قۇرئان كەرىم» تەفسىرلىرى ھەققىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر.......... .................. ھاجى يەھيا سەنۇبەر لىن سۇڭ (16)
«رەھمان» سۈرىسىدە قوللىنىلغان تەكرارلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە .............. جارۇللا يۇسۇپ (37)

## ئىسلام ئەدەب-ئەخلاقى

ھايا توغرىسىدا.......................... تاھىرجان ھاجى ياقۇپ (41)
مىسۋاك ئىشلىتىش(چىشنى چوتكىلاش)مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك سۈننىتى...... ئىسمائىل ياقۇپ (43)

## ۋەز-تەبلىغ

ئىسلام دىنى تاماكا چېكىشنى مەنئىي قىلىدۇ.......... .................. قۇربانجان مەمتىمىن (46)
ئىسلامدا ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى...... ياقۇپ ئوسمان (50)

## ئىسلام دىنى ۋە ئۇيغۇرلار

«قۇرئان كەرىم» روھىدىن ھازىرقى زامان نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ۋە ئۆلۈم-يېتىم ئۆزىتىش ئىشلىرىمىزغا بىر نەزەر.......... ئابدۇراخمان ئىسمائىل (52)
ھەشەمەتچىلىكنى قاچانمۇ تۈگىتەرمىز.......... .................. ئابدۇرەھىم ئەمەت (56)



جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى
中国穆斯林
(پەسىللىك ژۇرنال 季刊)
(ئومۇمىي 60-سان 总第60期)
(2001-يىل 9-ئاينىڭ 1-كۈنى نەشردىن چىقتى)
باش مۇھەررىر: شەمشىدىن ھاجى
مۇئاۋىن باش مۇھەررىر: ھاجى بارات رەجەپ
تېخنىك تەھرىرى: ئەنۋەر مۇھەممەد
مۇقاۋىنى لايىھىلىگۈچى: شەمشىنۇر ھوشۇر
主　编: 夏米西丁·哈吉
副主编: 巴拉提·热吉甫
技术编辑: 安瓦尔·穆罕默德
封面设计: 夏美希努尔·吾守尔
刊号
خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN1007-5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11-1346/B

# مۇندەرىجە

CHINA MUSLIM


2001

3

باشقۇرغۇچى: جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى

تۈزگۈچى ۋە نەشر قىلغۇچى:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

باسقۇچى:

مەركىزىي مىللەتلەر ئۇنىۋېرسىتېتى باسما زاۋۇتى

تارقاتقۇچى ۋە مۇشتەرى قوبۇل قىلغۇچى:

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ئادرېس: بېيجىڭ شەھىرى شۈەنۋۇ رايونى نەنخېڭشىجې كوچىسى 103-قورۇ

پوچتا نومۇرى: 100053

تېل: 83520073، 63513181 - 010

شىنجاڭ تارقىتىش پونكىتى:

ئۈرۈمچى يەنئەن يولى119-قورۇ

پوچتا نومۇرى:830001

تېل: 0991-2566193

主　办: 中国伊斯兰教协会
编辑出版: 《中国穆斯林》维文编辑部
印　刷: 中央民族大学印刷厂
发行订阅: 《中国穆斯林》维文编辑部
地址: 北京市宣武区南横西街103号
邮编: 100053
电话: (010) 63513181, 83520073
新疆发行站: 乌鲁木齐市延安路119号
邮编: 830001
电话: (0991) 2566193


## ئەدەب ۋە ئەخلاق


قىزلىرىمىزغا تەكلىپ.......................... زۇلپىيە ئوسمان (58)

چەت ياقىلاردىكى قارىيلىرىمىزنىڭ ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىلسە........................ نۇرمەھەممەت قۇربان (60)


## ئىسلام بىلىم باغچىسى


سىلە-رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ مەرتىبىلىرى .......................... ياقۇپ ئوسمان (5)

مىسىردىكى «قۇرئان كەرىم» كۆرگەزمىخانىسى................................ ياقۇپ هاجى (8)

«قۇرئان كەرىم» توغرىسىدا .................. ياقۇپ هاجى (15)

مەھرى (تويلۇق)توغرىسىدا .................. ياقۇپ ئوسمان (36)

ئاياللار بوغۇزلىغان جاندارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولامدۇ؟... ....................... ياقۇپ ئوسمان (49)

ئەرەب دۆلەتلىرى قايسى دۆلەت(رايون)لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟........................ ياقۇپ هاجى (59)


## شېئىر


سالام سۆزىگە مەدھىيە.................. ئابلەت روزىيوپ (40)


## خەلقئارالىق بېرىش-كېلىشلەر


جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 13-نۆۋەتلىك مىسىر ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشى مەجلىسىگە قاتنىشىپ كەلدى........................ ئادىل هاجى كېرەم (63)

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 14-نۆۋەتلىك"دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يىغىنى" غا قاتناشتى.......... ........................ ئادىل هاجى كېرەم(63)


مۇقاۋىنىڭ 1-بېتىدە: شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى مەكتىپىنىڭ مەسچىت ۋە ئاساسىي بىناسىنىڭ ئالدى كۆرۈنۈشى (سۈرەتنى دىلمۇرات تەمىنلىگەن)

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلدى

جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى 5-ئاينىڭ 28-كۈنىدىن 31-كۈنىگىچە بېيجىڭدا 4-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۇيۇشتۇردى.

قىرائەت مۇسابىقىسى جەمئىيىتىمىز قانات يايدۇرۇپ كېلىۋاتقان مۇھىم بىر دىنىي پائالىيەت بولۇپ، يېقىندا قۇرۇلغان جۇڭگو ئىسلام دىنى ئىشلىرىغا يېتەكچىلىك قىلىش ھەيئىتىنىڭ نىزامنامىغىمۇ كىرگۈزۈلگەن. بىر قانچە يىللاردىن بېرى جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى نەچچە نۆۋەت مەملىكەتلىك قىرائەت مۇسابىقىسى ئۆتكۈزۈش ئارقىلىق مەملىكەتنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى ئىسلام جەمئىيەتلىرىنىڭ قىرائەت مۇسابىقىسى قاتارلىق دىنىي پائالىيەتلەرنى قانات يايدۇرۇشىغا كۈچلۈك تۈرتكە بولغانىدى، مەملىكىتىمىزدىكى كەڭ ئىسلام دىنى زاتلىرى ۋە مۇسۇلمانلار ئارىسىدا تەجۋىد بويىچە قىرائەت قىلىشنى كېڭەيتىش ۋە ئومۇملاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈردى، ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل مەدەنىيىتىنى ئۆگىنىش، ئۇنىڭغا ۋارىسلىق قىلىش ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇش قىزغىنلىقىنى قوزغىدى. مۇسابىقە ئارقىلىق مەملىكىتىمىزنىڭ بىر تۈركۈم مۇنەۋۋەر قارىيلىرىنى بايقىدۇق، تاللىۋالدۇق ۋە زاپاس قىلىۋالدۇق. ھازىرغا قەدەر 20 نەچچە مۇنەۋۋەر قارى تەكلىپكە بىنائەن سەئۇدى ئەرەبىستانى، مىسىر، مالايسىيا، ئىران قاتارلىق ئەللەرگە بېرىپ، خەلقئارالىق قىرائەت مۇسابىقىلىرىغا قاتنىشىپ، بىر قەدەر ياخشى نەتىجىلەرگە ئېرىشىپ، مەملىكەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مۇسۇلمانلارنىڭ ئومۇميۈزلۈك ئالقىشىغا ۋە ياخشى باھاسىغا ئېرىشتى.

مەملىكەت بويىچە 22 ئۆلكە، ئاپتونوم رايون ۋە شىنجاڭ ئىشلەپچىقىرىش-قۇرۇلۇش بىڭتۈەنى، جۇڭگو ئىسلام دارىلفۇنۇنى بۇ قېتىمقى مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇش ئۈچۈن 86 قارىينى تاللاپ يوللىغانىدى، مۇناسىۋەتلىك خادىملارنىڭ ئەستايىدىل باھالاپ بېكىتىشى ئارقىلىق، خۇيزۇ، ئۇيغۇر، سالا، دۇڭشياڭ، زاڭزۇدىن ئىبارەت بەش مىللەتتىن تەركىب تاپقان 46 نەپەر قارىي (35 ئەر، 11 ئايال) تاللىنىپ بېيجىڭدا ئۆتكۈزۈلگەن تۆت كۈنلۈك مۇسابىقىگە قاتناشتۇرۇلدى.

مۇسابىقىگە قاتناشقۇچىلار ئۆز ئارا ئۆگىنىش، بىرلىكتە يۈكسىلىش، ئىتتىپاق-دوستانە بولۇش روھى بويىچە، ئۆزلىرىنىڭ سەۋىيىسىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇپ ياخشى نەتىجە ياراتتى. جىددىي مۇسابىقىلىشىپ، دەسلەپكى ۋە ھەل قىلغۇچ مۇسابىقىلاردىن ئۆتۈپ، ئاخىر ئەرلەر گۇرۇپپىسىدىن شىنجاڭنىڭ قەشقەر ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئابدۇقەييۇم قارىي بىرىنچىلىككە، شىنجاڭنىڭ ئاقسۇ ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئابدۇغوپۇر قارىي بىلەن چىڭخەيلىك ماگۇاڭمىڭ قارىي ئىككىنچىلىككە، شىنجاڭنىڭ تۇرپان ۋىلايىتىدىن كەلگەن ئابدۇلېتىپ قارىي بىلەن چىڭخەيلىك نوئمان قارىي (زاڭزۇ)، گەنسۇلۇق ماۋېيخۇا قارىي قاتارلىقلار ئۈچىنچىلىككە ئېرىشتى. ئاياللار گۇرۇپپىسىدىن سەنشىلىك چېڭ رۇي قارىيە بىرىنچىلىكنى، يۈننەنلىك چېڭ رۇڭ قارىيە ئىككىنچىلىكنى، جىلىنلىق جىن يىڭخۇي قارىيە ئۈچىنچىلىكنى ئالدى.

مۇسابىقە ئاياغلىشىش مۇراسىمىغا دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ، مەركىزىي كومىتېت بىرلىكسەپ بۆلۈمى 2-ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن

باشلىقى جياڭ جيەنيوڭ، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسى 1-مەھكىمىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقلىرى گوچېنجېن، لى لەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن، مۇئاۋىن رەئىسلىرى ئەلى يۈي جېنگۈي، مۇھەممەد سەئىد مايۇنفۇ، شەمشىددىن ھاجى، مەسلىھەتچىلىرى ئېلىياس شېن شياشى، مۇھەممەد ھەنەفى ۋۇ ياۋبىن، نۇئمان ماشيەن، ئابدۇرەھىم ئىمىن، ئابدۇرەھمان ناجۇڭ قاتارلىقلار قاتناشتى. مەخسۇس مۇسابىقىدىن بەھىر ئېلىش ئۈچۈن سەندۇڭ، ئىچكى موڭغۇل، خېبېي، خېنەن قاتارلىق جايلاردىن ۋە بېيجىڭ شەھىرىنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىن كەلگەن ھەر مىللەت مۇسۇلمانلىرىمۇ مۇراسىمغا ئىشتىراك قىلدى. ئاياغلىشىش مۇراسىمغا يەنە ئىران، پاكىستان، پەلەستىن، مىسىر، ھىندونېزىيە، ئومان، برۇناي دارۇسسالام، ماراكەش، سۇدان، لىۋىيە، ئەرەب ئەللىرى بىرلەشمىسى قاتارلىق ئەللەرنىڭ باش ئەلچىلىرى ۋە ئەلچىخانا خادىملىرى قاتناشتى. ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا ، ئالدى بىلەن نەتىجىگە ئېرىشكەن ئالتە قارىي بىلەن ئۈچ قارىيە قىرائەت قىلىپ ئۆتتى. رەھبەرلەر نەتىجىگە ئېرىشكەن قارىي ۋە قارىيەلەرگە مۇكاپات لوڭقىسى، گۇۋاھنامە ۋە مۇكاپات سوممىسى تارقىتىپ بەردى.

ئاخىردا جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش نۇتقىنى سۆزلىدى، دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىنىڭ مۇئاۋىن باشلىقى ياڭ تۇڭشياڭ دۆلەتلىك دىن ئىشلىرى ئىدارىسىغا ۋاكالىتەن سۆز قىلىپ، بۇ قېتىمقى مۇسابىقىنى مۇئەييەنلەشتۈردى ھەمدە مۇسابىقىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك بولغانلىقىنى تەبرىكلىدى ۋە بۇ خىلدىكى دىنىي پائالىيەتلەرنى داۋاملىق ياخشى يولغا قويۇشقا ئىلھاملاندۇردى. مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمى بىرىنچىلىككە ئېرىشكەن شىنجاڭلىق ئابدۇقەييۇم قارىينىڭ مۇراسىم ئەھلىنى باشلاپ قىلغان دۇئاسى بىلەن ئاخىرلاشتى.

بۇ قېتىمقى مۇسابىقە جىلىن ئۆلكىسى چاڭچۈن شەھىرىدىكى خاۋيۇ مۇسۇلمانچە گۆش يېمەكلىكلەر پايلىق چەكلىك شىركىتىنىڭ ئىقتىسادىي ياردىمى بىلەن ئۆتكۈزۈلگەنىدى، مۇسابىقىنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا رەئىس ھىلالىددىن چېن گۇاڭيۈەن مەزكۇر شىركەتنىڭ باش دىرېكتورى سۇڭ لېيەن بىياۋغا ’’مال بوغۇزلاشقا مۇسۇلمانلار خاتىرجەم بولۇش ئورنى گۇۋاھنامىسى‘‘ ۋە ’’مۇسۇلمانلار خاتىرجەم ئىستېمال قىلىدىغان مۇسۇلمانچە يېمەكلىكلەر‘‘مىس لەۋھەسى تارقىتىپ بەردى.

## سىلە-رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ مەرتىبىلىرى

ئىمام تەۋەۋى سىلە-رەھىم قىلىنىدىغانلارنىڭ تەرتىبىلىرى ھەققىدە مۇنداق دەيدۇ: ’’سىلە-رەھىمنى ئەڭ ئاۋۋال ئانىغا، ئاندىن كېيىن ئاتىغا، ئاندىن كېيىن چوڭ دادا ۋە چوڭ ئانىلارغا، ئاندىن كېيىن قىز-ئوغۇل قېرىنداشلارغا، ئاندىن كېيىن تاغا-تاكىلارغا، تاغا ئاچىلارغا، ئاندىن كېيىن قىز- ئوغۇل قېرىنداشلارنىڭ ۋە تاغىلارنىڭ پەرزەنتلىرىگە، ئاندىن كېيىن قوشنىلارغا، ئاندىن كېيىن قېينانا ۋە قېيناتىغا، ئاندىن كېيىن قۇدىلىقتىكى تۇغقانلىرىغا قىلىشى كېرەك. قوشنىلارغا سىلە-رەھىم قىلىشتا ئۇلارنىڭ سىلە-رەھىم قىلغۇچىنىڭ ئۆيىگە يېقىن بولۇشى ۋە ئۇزاق بولۇشىدىكى تەرتىپ بويىچە بەلگىلىنىدۇ. يېنىدىكى قوشنىغا سىلە-رەھىم قىلىش ئۇزاقتىكى قوشنىغا سىلە-رەھىم قىلىشتىن زۆرۈردۇر. شۇنىڭ ئۈچۈن ئاۋۋال يېقىنغا، ئاندىن ئۇزاقتا قىلىش كېرەك، ئەمما كىشىنىڭ ئۆز ئائىلىسىگە، يەنى ئايالىغا ۋە پەرزەنتلىرىگە قىلىدىغان چىقىملىرى ’’سىلە-رەھىم‘‘ نامى بىلەن ئەمەس، بەلكى ’’نەپىقە‘‘ نامى بىلەن ئاتىلىدۇ. نەپىقە سىلە-رەھىمدىن ئاۋۋال تۇرىدۇ، كىشى ئۆز ئائىلىسىنىڭ نەپىقىسىنى ئادا قىلغاندىن كېيىن ئاندىن سىلە-رەھىمنى ئادا قىلىشى كېرەك‘‘. (ياقۇب ئوسمان)

ئۇيغۇر كىتاب تورىسكتى www.uyghurkitap.com

# ئىمان ۋە بەخت

سابىر ئىمام

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

دۇنيانىڭ زامانىۋىلىشىشىغا ئەگىشىپ ئىنسانلار ئۆز ئەقىدىسىگە تايىنىپ روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشىش يولىدا خۇددى كېچىلەردە يورۇقلۇق ئىزدىگەندەك تېڭىرقاپ كەلدى. ئۆزىنى دۇنيادا ئەڭ ئىلغار ھېسابلىشىدىغان غەرب دۇنياسى ۋە ئۇنىڭ ئەگەشكۈچىلىرىگە قارايدىغان بولساق، روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشىش ئۈچۈن ئۇلارنىڭ بەزىلىرى قولىدىكى مال دۇنياغا ئىشىنىپ باقتى؛ بەزىلىرى ھوقۇقىغا ئىشىنىپ باقتى؛ يەنە بەزىلىرى مەۋجۇدىيەتكە ئىشىنىپ باقتى. ئەمما يەنىلا روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشەلمىدى، چۈنكى ئۇلار ھەقىقىي ئىشىنىش ئوبيېكتى ۋە ھەقىقىي خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان ئېتىقاد ئىگىسىنى تونۇپ يېتەلمىدى. شۇڭا ئۇلارنىڭ بەزىلىرى مال دۇنياسى ۋە ھوقۇقىنىڭ كېتىپ قالغانلىقى، ئىشىنىپ كېلىۋاتقان نەرسىلىرىنىڭ ئۆزلىرىنى روھىي خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرەلمىگەنلىكى سەۋەبىدىن ھەتتا ئۆلتۈۋېلىش ئارقىلىق خاتىرجەملىككە ئېرىشمەكچى بولدى.

قاچانكى، ئىنسان پۈتۈن ۋۇجۇدىنى مەڭگۈلۈك بولغان بىر ئىشىنىش ئوبيېكتى بولغان ئاللاھقا بېغىشلىمايدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى بەختسىز بولىدۇ، باسقان ھەر بىر قەدىمى تېڭىرقاش ۋە ئۈمىدسىزلىككە تولىدۇ. بۇنداق كىشىلەرنىڭ ئاخىرەتتىكى بەختسىزلىكىمۇ بەك قورقۇنچلۇق. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: " **كىمكى مېنىڭ زىكرىمدىن يۈز ئۆرۈيدىكەن، ئۇنىڭ ھاياتى تار(يەنى خاتىرجەمسىز) بولىدۇ، قىيامەت كۈنى ئۇنى بىز كور ھالەتتە قوپۇرىمىز**"(«تاھا» سۈرىسى {20 سۈرە}، 124-ئايەت). ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: "**بەتبەختلەرگە كەلسەك، ئۇلار دوزاخقا كىرىدۇ، ئۇلار دوزاختا (ئېشەك ھاڭرىغاندەك) تووۋلاپ نالە-پەرياد چېكىدۇ**" («ھۇد» سۈرىسى {1-سۈرە}، 106-ئايەت). ئۇنداقتا بەخت ۋە خاتىرجەملىك قەيەردە؟ ئۇنىڭغا ئىنسانلار قانداق ئېرىشىدۇ؟

نۇرغۇن كىشىلەر بۇ ھەقتە ئىزدىنىپ، بەخت دېگەن بايلىقتا ــ پاراۋان تۇرمۇشتا دېيىشىدۇ. لېكىن ماددىي بايلىقى كۆپ، تۇرمۇش سەۋىيىسى يۇقىرى بولغان دۆلەت ۋە شەھەرلەردىكى كىشىلەر يەنىلا ئۆمرىنىڭ رەڭۋاز تۇرمۇش ئىچىدە بىر خىل بىسىم، تۇراقسىزلىق، سىقىلىش ئىچىدە ئۆتۈۋاتقانلىقىنى ھېس قىلىشىدۇ ھەمدە روھىي خاتىرجەملىك بېغىشلايدىغان باشقا بىر يولىنى ئىزدىشىدۇ. ئۇلارنىڭ بۇنداق پاراۋان تۇرمۇشتىنمۇ بەخت تاپالماسلىقى تۈپ نېگىزىدىن ئېيتقاندا ، ئۇلارنىڭ روھىي بەختكە ئېرىشتۈرگۈچى، ھەقىقىي ئېتىقاد ئىگىسى بولغان ئاللاھنى چىن دىلىدىن ئىشىنىش ئوبيېكتى قىلمىغانلىقىدىندۇر. شەرق ئالىمى شەھىد سەيىد قۇتۇپ رەھمەتۇللا ۋە فرانسىيە يازغۇچىسى ساجان تەرەققىي قىلغان نيۇ يورك شەھىرىنى سۈپەتلەپ، بۇ شەھەردىكى تۇرمۇش بەختسىزلىك ۋە بىئاراملىقنى يوشۇرۇپ قويغان چىرايلىق پەردىدىن ئىبارەت دەپ تەسۋىرلىگەن(«ئىمان ۋە ھايات»تىن

ئېلىندى).

دېمەك ماددىي بايلىقنىڭ يېتەرلىك بولۇشى بەختلىك بولۇشنىڭ بىرىنچى ئامىلى بولماستىن، بەلكى ئۇ كىشىگە بۇ دۇنيادىمۇ بىئاراملىق ئېلىپ كېلىدۇ. ئاللاھ ئېتىقادى تۇراقسىز بولغان مۇناپىق قەۋم ھەققىدە مۇنداق دېگەن: '' **ئۇلارنىڭ مال-مۈلكى ۋە ئەۋلادى سېنى ئەجەبلەندۈرمىسۇن، ئاللاھ ئۇلارنى بۇ دۇنيادا شۇ نەرسىلەر بىلەن ئازابلاشنى ۋە ئۇلارنىڭ كاپىر پېتى جان ئۈزۈشنى ئىرادە قىلىدۇ**''(«تەۋبە» سۈرىسى {9-سۈرە}، 55-ئايەت). بۇ ئايەتتىكى ئازاب سۆزى مۇشەققەت، چارچاش، دەرت-ئەلەم، غەم قاتارلىق مەنىلەرنى ئىپادىلەيدۇ. بىز بۇ ئايەتتىن مال-دۇنياغا ئېرىشىشنى ئەڭ چوڭ غايە ھەم ئارزۇ-ئارمانلىرىغا يېتىشنىڭ مەنبەسى قىلىۋالغان كىشىلەرنىڭ روھىي ئازابتىن سىقىلىپ يۈرگەنلىكىنى ھېس قىلىمىز. بۇ خىل كىشىلەرنى ئازراق مال-دۇنيا قاندۇرالمايدۇ، كۆپ مال-دۇنيا تويغۇزالمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: '' **ھەر قانداق ئادەم ئاخىرەتنى ئويلايدىكەن، ئاللاھ ئۇ ئادەمنىڭ بايلىقىنى قەلبىدە قىلىپ بېرىدۇ، ئۇ ئادەمنىڭ پاراكەندە بولغان ئىشلىرىنى يىغىنچاقلاپ بېرىدۇ ھەم ئۇ كىشىگە دۇنيا ئويلىمىغان يەردىن كېلىدۇ. ھەر قانداق ئادەم پەقەت مال-دۇنيانىڭ غېمىدىلا بولىدىكەن، ئاللاھ ئۇ كىشىنىڭ نامراتلىقىنى ئىككى كۆزىنىڭ ئوتتۇرىسىدا قىلىدۇ، ئۇ كىشىنىڭ تىنچلىقىنى پاراكەندە قىلىۋېتىدۇ**''( بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقىلاردىن شۇنى چۈشىنىۋېلىشقا بولىدۇكى، كۆپ مالغا، يۇقىرى ئابرويغا ئىگە بولۇش بەخت-سائادەتنىڭ مەنبەسى ئەمەس، بەخت شۇنداق بىر مەنىۋى بايلىقكى، ئۇنى كۆز بىلەن كۆرگىلى بولمايدۇ، جىڭ-تارازا بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ، دوللار ۋە رۇبلىغا سېتىۋالغىلى بولمايدۇ، ئۇنى پەقەت ئىنسان روھىي جەھەتتە خاتىرجەم بولۇش، كۆڭلى-كۆكسىنى كەڭ تۇتۇش، نەزەر دائىرىسى كەڭ بولۇش، يىراقنى ئويلاش ...قاتارلىق جەھەتلەردە ھېس قىلىدۇ. مەن بۇ ھەقتە بىر ئايالنىڭ ئۆز يولدىشىغا قىلغان بىر نەچچە ئېغىز سۆزىنى نەقىل كەلتۈرىمەن. بىر ئەر ئايالىغا بېسىم قىلىپ: '' خەپ توختا، مەن سېنى بۈگۈندىن كېيىن بەختسىز قىلىۋەتمەيدىغان بولسام'' دېگەنىكەن، ئايالى خاتىرجەم ھالدا: '' سەن مېنى بەختلىك قىلالمىغاندەك، بەختسىزمۇ قىلالمايسەن'' دەپتۇ. ئەر تېخىمۇ غەزەپلىنىپ: '' نېمىشقا ئۇنداق قىلالمىغۇدەكمەن؟'' دېگەنىكەن، ئايالى تەمكىنلىك بىلەن: ''ئەگەر بەخت-سائادىتىم سېنىڭ ئىلكىڭدە بولىدىغان بولسا، مېنى ئەلۋەتتە ئۇنىڭدىن مەھرۇم قىلغان بولاتتىڭ، لېكىن ئۇ بەخت سەن باشقۇرالمايدىغان، ھەتتا ئىلكىڭگە كىرگۈزەلمەيدىغان نەرسە'' دەپتۇ. ئەر ھەيران بولۇپ: ''ئۇ قانداق نەرسە؟'' دەپتۇ. ئايالى تولۇق ئىشەنچ بىلەن: ''مېنىڭ ھەقىقىي بەخت - سائادىتىم ئاللاھقا بولغان ئىمانىمدا، يەنە كېلىپ ئىمانىم قەلبىمدە بولۇپ، مېنىڭ قەلبىمگە پەرۋەردىگارىمدىن باشقا ھېچ قانداق نەرسە ئىگىدارچىلىق قىلالمايدۇ'' دەپتۇ. مانا بۇ ئايالنىڭ بەرگەن جاۋابى ھەقىقىي بەخت-سائادەت بولۇپ، روھىي جەھەتتىكى بۇ بەخت-سائادەتنى ھېچقانداق بىر كىشى ئىككىنچى بىرسىگە بېرەلمەيدۇ ياكى يوق قىلىۋېتەلمەيدۇ.

يەنە شۇنى ئايدىڭلاشتۇرۇۋېلىش كېرەككى، روھىي بەختنى ماددىي ئۆلچەم بىلەن ئۆلچىگىلى بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: '' **ياخشى ئەخلاقلىق، ئىستائەتچان ئايال، ئازادە سېلىنغان ۋە پاكىز بولغان تۇرالغۇ، ئىنسان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ئۆزىنىڭ ئىجتىمائىي ئىشلىرىدا پايدىلىنىدىغان ياخشى قاتناش قوراللىرى قاتارلىقلار ئىنسانلار بەخت-سائادىتىنىڭ بىر قىسمى'** ( بۇ ھەدىسنى تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

يۇقىرىقىلاردىن مەلۇمكى، ئىنسان ماددىي بەخت ۋە خاتىرجەملىككە ئېرىشىشتىن ئىلگىرى چوقۇم روھىي بەخت ۋە خاتىرجەملىكنى قولغا كەلتۈرۈشى كېرەك. ئىنسان روھىدا بىر بوشلۇق بولۇپ، پەلسەپەنى ئۆز ئىچىگە ئالغان بىلىم ۋە بىلىم خاراكتېرىدىكى ھەر قانداق نەرسە — مەڭگۈللۈككە ئىگە بولمىغان نەرسىلەرگە باغلانغان ئېتىقاد ئۇ بوشلۇقنى ھەرگىز تولدۇرالمايدۇ. بۇ بوشلۇق ئىنسان روھىنىڭ خاراكتېرى ۋە مۇقەررەر ئېھتىياجى بولۇپ ، ئۇ پەقەت ماكان، زامان ئۇقۇمىدىن ھالقىغان مەڭگۈلۈككە ئىگە بىر تايانچ نۇقتىغا يۆلىنىش ئارقىلىق تولۇق كامالەت تاپىدۇ ؛ ئىنسان پەقەت ئۆزىنىڭ ياراتقۇچىسىنى — غايىۋى قۇدرەتكە ئىگە مەڭگۈلۈك بولغان پەرۋەردىگارىنى ھەقىقىي تونۇپ، پۈتۈن ئېتىقادىنى شۇنىڭغا قاراتقاندىلا ئۇنىڭ روھى مۇكەممەللىشىدۇ. ئۆز ياراتقۇچىسىنى بىلمەسلىك روھىي گادايلىق، نادانلىق مۇناپىقلىق بولۇپ، ئۇ بارلىق روھىي كېسەللىك ۋە روھىي مەرەزلەرنىڭ مەنبەسىدۇر. ئاللاھ ھەممىمىزگە مۇستەھكەم ئىمان ۋە ئېتىقاد ئاتا قىلىپ، روھىي بەخت ھەم خاتىرجەملىككە ئېرىشتۈرگەي!

'' **پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى، ئۇلارنىڭ ئاتا- بوۋىلىرىدىن، ئاياللىرىدىن، ئەۋلادلىرىدىن ياخشى بولغانلارنى ئۇلارغا ۋەدە قىلغان مەڭگۈلۈك جەننەتكە كىرگۈزگىن، سەن ھەقىقەتەن غالىبسەن، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىسەن. پەرۋەردىگارىمىز! سەن ئۇلارنى يامان ئىشلاردىن ساقلىغىن، سەن كىمنى يامان ئىشلاردىن ساقلايدىكەنسەن، شۈبھىسىزكى، بۇ كۈندە سەن ئۇنىڭغا رەھمەت قىلغان بولىسەن، بۇ چوڭ بەختتۇر''** («غافىر» سۈرىسى {40-سۈرە} ، 8-، 9-ئايەت).

(ئاپتور: ئۈچتۇرپان ناھىيىسىدىن، شىنجاڭ ئىسلام ئىنستىتۇتىنىڭ سابىق تالىپى؛ كۆرۈپ چىققۇچى: ئۈچتۇرپان ناھىيىلىك رەستە جامەسىنىڭ خاتىپى ئۆمەرجان مەخسۇم ھاجى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## مىسىردىكى «قۇرئان كەرىم» كۆرگەزمىخانىسى


نىل دەرياسى بويىغا جايلاشقان «قۇرئان كەرىم» كۆرگەزمىخانىسىنىڭ ئورنى ئانچە چوڭ بولمىسىمۇ، ئەمما ئۇ يەرگە قويۇلغان ھەر قايسى تارىخىي دەۋرلەردە نەشر قىلىنغان«قۇرئان كەرىم»نىڭ ھەر خىل نۇسخىلىرىنىڭ كۆپلۈكى بىلەن ئۇ دۇنيا جامائىتىنى ئۆزىگە جەلپ قىلىپ كەلمەكتە. ئۇ يەردىكى «قۇرئان كەرىم» نۇسخىلىرى ئىچىدە ئىسلامىيەتنىڭ دەسلەپكى مەزگىلىدە، خەلىپە ئوسمان دەۋرىدە توپلەنگەن «قۇرئان كەرىم»مۇ بار. 1694-يىلى گېرمانىيىنىڭ ھامبۇرگ شەھرىدە نەشر قىلىنغان قۇرئاننىڭ دۇنيادىكى تۇنجى نەشر نۇسخىسىمۇ موشۇ يەردە ساقلانماقتا. دۇنيا بويىچە ئەڭ كىچىك فورماتتىكى «قۇرئان كەرىم»مۇ بۇ يەردە بار بولۇپ، ئۇنىڭ ھەجمى 4cm × 2 كېلىدۇ. بۇ كۆرگەزمىخانىدا يەنە ئاق رەڭلىك بىر قۇتا بار، ئۇنىڭدا ئېروسالىمغا كىرگەن سۇلايمان مەدھىيىلەنگەن ئۇششاق نەپىس ئەرەبچە خەتلەر بار. قۇتىنىڭ يېنىغا ئۈچ تال بۇغداي دېنى قويۇپ قويۇلغان بولۇپ، ئۇنىڭ بىرسىنىڭ يۈزىگە «قۇرئان كەرىم» ئايەتلىرى يېزىلغان؛ ئىككىنچىسىگە پەيغەمبەر مۇسانى مەدھىيىلەش سۆزى يېزىلغان؛ ئۈچىنچىسىگە مىسىر تارىخىدا ئۆتكەن سۇلالىلەر نامى خاتىرلەنگەن. ( ياقۇپ ھاجى )

# ۋاقىت، پۇل ۋە بىلىم توغرىسىدا

ئابدۇۋاھىت خۇدابەردى

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)



جانابى ھەق سۇبھانۇ ۋەتەئەلا تامام كامالى قۇدرىتى بىلەن يەر يۈزىدىكى جىمى ئىنسانلارنى — مەيلى ئۇ قايسى دىن، قايسى مىللەت، قايسى دۆلەت، قايسى ئىرق، قايسى تەبىقە ۋە قانداق نەسەبتىكى كىشى بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئوخشاشلا بىر ئاتا، بىر ئانىدىن (ھەزرىتى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەزرىتى ئىسا ئەلەيھىسسالامدىن باشقا) ياراتقان، شۇنىڭدەك ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئالىي نېمەتنى ھەممىلا ئادەمگە ئوپمۇئوخشاش تەقسىم قىلىپ بەرگەن. ھېچقاچان بايلار، ئېسىل نەسەبتىكىلەر، ھۆكۈمدارلار، زوراۋانلار ياكى مۇسۇلمانلارغا كۆپرەك، كەمبەغەل، يېقىر-مىسكىن، غېرىپ-غۇرۋا ياكى باشقا دىندىكىلەر ۋە دىنسىزلارغا ئازراق بەرگەن ئەمەس. بۇ ھەقتە پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ''**ئاللاھ تائالانىڭ بەندىلەرگە ئاتا قىلغان تەن ساقلىق ۋە بوش ۋاقىتتىن ئىبارەت ئىككى تۈرلۈك نېمىتى بار، نۇرغۇن كىشىلەر بۇلارنىڭ قەدرىگە يەتمەي زىيان تارتىدۇ**'' دېگەندى.

خوش، ئۇنداقتا بىز موشۇ ھەدىسنىڭ روھىغا ئەمەل قىلالىدۇقمۇ؟ ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئالىي نېمەتتىن پايدىلىنىشنى بىلەلىدۇقمۇ؟ بۇ ھەر بىر مۇسۇلمان، ھەر بىر ئەقىل ئىگىسى ئويلىنىپ بېقىشقا تېگىشلىك مۇھىم مەسىلە.

پۈتۈن دۇنيا ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان بۈگۈنكى ئۇچۇر دەۋرىدە، بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن بىر مۇنچىلاردەك ۋاقىتنى بوش ئۆتكۈزىدىغان، قىممەتلىك ئۆمرىنى ئەرزىمەس ئىشلار ئۈچۈن بىھۇدە زايە قىلىۋېتىدىغان قەۋم (مىللەت) بەلكى يەر يۈزىدە ئاز بولسا كېرەك. ئۇلاردا ۋاقىتنىڭ قەدرىگە يەتمەيدىغان ياكى ئۇنىڭدىن بىھۇدە پايدىلىنىدىغان، ئاللاھنىڭ ئاشۇ نېمىتىنى دەپسەندە قىلىدىغان مۇناپىقلارچە ئىللەتلەر ئىنتايىن كۆپ. ھورۇنلۇق، غەيۋەت شىكايەت، پوچىلىق، تەخسكەشلىك، سۇخەنچىلىك، پىتنە-ئىغۋا، ئاچكۆزلۈك، تويمىغۇرلۇق، ئىسراپخورلۇق، جازانىخورلۇق، تەمەخورلۇق، پارىخورلۇق، شەھۋەتخورلۇق، گۇمانخورلۇق، مەدداھلىق، مەمەدانلىق، كاززاپلىق، تاييارتاپلىق، لەقۋالىق، تۈگىمەس مېھماندارچىلىق، ھەشەمەتچىلىك، كونۇم-كونۇملەپ كۆرۈك توخۇدەك ئۆيىدىن تالاغا چىقماي تېلېۋىزوردىكى ئاجايىپ-غارايىپ كۆرۈنۈشلەرگە مەستانە بولۇش، شۇنى دوراپمۇ ھەر خىل يامان قىلىق ۋە كەيپ-ساپاغا بېرىلىش، نەپسى بالا دەستىدىن يەنە ئوغرىلىق، قويمىچىلىق، ھەتتا قاتىللىق قىلىش، ئۆلگىچە ئۆچ-ئادا ۋە تىلىشىش، يۇرتۋازلىق، گورۇھۋازلىق... ئاھ خۇدا! كۆپ ئادەملىرىمىز ئاللاھ تائالا ئاتا قىلغان قىممەتلىك ھاياتنى ئاشۇنداق ساناپ تۈگەتكۈسىز نۇقسان-ئىللەتلەر بىلەن بۇلغاپ، ئۆزىگە ئۆزى زۇلۇم سېلىشماقتا، ئۆزلىرىنى گۇناھ ۋە خارلىققا تاشلىماقتا.

ئاللاھ تائالا بىزنى موشۇ زېمىندىكى خەلىپىسى قىلىپ ياراتقان، شۇڭا موشۇ

زېمىندا ياشاش هوقۇقىمىز بار. ۋاھالەنكى، بىر چىرايلىق ئىنسان قىلىپ يارىتىلغان ئىكەنمىز، ئىنساندەك ياشىشىمىز كېرەككى، هايۋاندەك ياشىماسلىقىمىز كېرەك. پۈتۈن هاياتىمىزدا ئەجداتلىرىمىزغا يۈز كېلەلىگۇدەك، ئەۋلادلىرىمىز ئالدىدا يەرگە قاراپ قالمىغۇدەك بىر ئىنسان بولۇشىمىز، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا پۈتۈن هاياتىمىزنى بېغىشلىشىمىز، هاياتىمىزنىڭ قىممىتىنى يارىتىشىمىز كېرەك.

كۈن شەرقتىن چىقىپ غەربكە ئولتۇردۇ، بىر كۈن تۈگەيدۇ، 24 سائەت ۋاقىتمۇ تۈگەپ ماڭىدۇ. سەن بىلەن بىزنىڭ هاياتىمىزمۇ دەل شۇ بىر كۈنگە ئوخشايدۇ، جان دېگەن تەندە ئامانەت نەرسە، تۇغۇلماقنىڭ بىر ئۆلمىكى بار. سەن بىر كۈنى ئادەم بولۇۋالارمەن دەيسەن، ئويناپ يدىغانىنى ئوينىۋېلىپ، قىلىدىغانىنى قىلىۋېلىپ، ئاخىر بىر كۈنى تۆۋە قىلىۋالارمەن دەيسەن. لېكىن شۇنىڭغا ئاللاھ پۇرسەت بەرمەسچۇ؟ سەن قاچان، قەيەردە، قانداق ئۆلۈشۈڭنى بىلەمسەن؟ سېنىڭ بۇ دۇنياغا تۆرىلىپ ئادەم بولغىنىڭ شۇ، يەنە قاچان ئادەم بولماقچى؟ قانچىلىك ئادەم بولماقچى؟ ئەڭ ياخشىسى كۈندە-كۈندە ياخشى تەرەپكە، يۈكسەكلىككە تەدرىجى يېتىشىڭ كېرەك. تەندە جان ئامانەت ئىكەن، ئۇنداقتا ئىنسانغا مەنسۇپ ۋاقىت-ئۆمۈر، ئەقىل-ئىدراك، ئىمان-ئېتىقاد، ۋىجدان-غۇرۇر، كۈچ-قۇدرەت، ئەخلاق-هايا، ئىززەت-ئابروي، هوقۇق-مەرتىۋە، مال-دۇنيا دېگەنلەرنىڭ ھەممىسى ئامانەت دېگەن سۆز. ئاللاھ تائالا بۇ نېمەتلەرنى ئىنساننى سىنىماق ئۈچۈن بەرگەن. بۇ دۇنيانىڭ ئۆزىمۇ بىر ئۆتكۈنچى، سىناق دۇنيا. سەن شۇ ئامانەتلەر ئۈچۈن چوقۇم بىر كۈنى (قىيامەتتە) ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئالدىدا هېساب بېرىسەن. شۇڭا بۇ تۆت كۈنلۈك دۇنيادا ئادەمدەك ياشىشىڭ، ئاللاھ ئاتا قىلغان ۋاقىتتىن ئىبارەت بۇ ئالىي نېمەتتىن تولۇق، توغرا پايدىلىنىشىڭ، ئۆز قەدىر-قىممىتىڭنى ئۆزەڭ بالدۇرراق بىلىشىڭ ۋە ئۇنى نامايان قىلىشىڭ كېرەك.

ئاللاھ تائالا قۇرئاندا: ''**سىلەر شۇنداق بىر كۈنى(يەنى قىيامەت كۈنى) دىن قورقۇڭلاركى، ئۇ كۈندە سىلەر ئاللاھنىڭ دەرگاھىغا قايتۇرۇلىسىلەر، ئاندىن هەركىشى قىلغان(ياخشى -يامان) ئەمەلىنىڭ نەتىجىسىنى تولۇق كۆرىدۇ، ئۇلارغا زۇلۇم قىلىنمايدۇ( يەنى ياخشى ئەمەلى كېمەيتىلىپ، يامان ئەمەلى كۆپەيتىلمەيدۇ)**'' (« بەقەرە» سۈرىسى {2-سۈرە}، 281-ئايەت) دېيىلگەندى.

ئوتتۇرا ئاسىيالىق پەيلاسوپ مەۋلانە جالالىدىن رۇمىنىڭ مۇنداق بىر هېكمەتلىك سۆزى بار: ''سەن پۈتۈن دۇنياغا ئەرزىگۈدەك بىر ئادەمسەن، بىراق ئۆز قىممىتىڭنى ئۆزەڭ بىلمەيسەن!... سەن ھەممىنى ئۇنتۇشۇڭ مۇمكىن، پەقەت بىر نەرسىنى ئۇنتۇما، يەنى، دۇنياغا نېمىشقا كەلدىڭ؟ ئۆزەڭنى ئەرزىنىگىلا گۆرۈگە قويۇپ سېتىۋەتمە، سېنىڭ باھايىڭ يۇقىرى...''

پۇل ۋە مال-دۇنيا ئاللاھ تائالانىڭ بىز بەندىلەرگە ئاتا قىلغان يەنە بىر تۈرلۈك نېمىتى. ئۇنى ئاللاھ بىزنى سىنىماق ئۈچۈن بەرگەن. «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف»لەردە پۇل ۋە مال-دۇنياغا ئارتۇقچە بېرىلىپ كەتمەسلىك، ياخشى ئەمەللەرنى كۆپ قىلىش توغرىسىدا بىزنى ئاگاھلاندۇرىدىغان هېكمەتلەر كۆپلەپ بايان قىلىنغان. بۇ ھەقتىكى بىر قانچە ئايەت ۋە ھەدىسلەرگە قاراپ باقايلى:

'' **ئاللاھنىڭ يولىدا(پۇل-مال) سەرپ قىلىڭلار، ئۆزەڭلارنى هالاكەتكە تاشلىماڭلار، ئېھسان قىلىڭلار، ئېھسان قىلغۇچىلارنى ئاللاھ ھەقىقەتەن دوست تۇتىدۇ**''(«بەقەرە» سۈرىسى {2-سۈرە}، 195-ئايەت).



ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**''بىلىڭلاركى، سىلەرنىڭ ماللىرىڭلار، بالىلىرىڭلار سىلەر ئۈچۈن بىر تۈرلۈك سىناقتۇر، ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا چوڭ ساۋاب بار''**(«ئەنفال» سۈرىسى {8-سۈرە}، 28-ئايەت).

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەندى: **''مالنىڭ كۆپلۈكى بايلىق ئەمەس، ھەقىقىي بايلىق روھىي بايلىقتۇر''.**

**'' ئوھود تېغىدەك ئالتۇنۇم بولسا، ئۇنىڭدىن ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىشقا ئېلىپ قالغىنىمدىن باشقا، بىر دىنارىنىمۇ يېنىمدا قالدۇرۇش مېنى خۇشال قىلمايدۇ''.**

پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: **''قولۇڭلاردىن كېلىشىچە ياخشى ئەمەللەرنى قىلىپ، دوزاخ ئازابىدىن قۇتۇلۇشقا ھەرىكەت قىلىڭلار، يېرىم تال خورما چاغلىق نەرسە بولسىمۇ سەدىقە قىلىڭلار. بىر نەرسىسى يوق كىشىلەر يۇمشاق گەپ بىلەن بولسىمۇ غېرىب-مىسكىنلەرنىڭ كۆڭلىنى ئالسۇن. ئاللاھ بىر ياخشىلىققا ئۇنىڭدىن نەچچە ھەسسە كۆپ ياخشىلىق بېرىدۇ. سىلەرگە ئامانلىق ۋە ئاللاھنىڭ رەھمەتلىرى ھەم بەرىكەتلىرى بولسۇن''** دېگەندى.

ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىدىن بەزىلىرىمىز ئۇلۇغ ئاللاھ بىزنى سىنىماق ئۈچۈن بەرگەن پۇل-ماللارنى، ئېنىق قىلىپ ئېيتقاندا، خەير-ئېھسان ئۈچۈن، ئىلىم ئىگەللەش ئۈچۈن، جىھاد ئۈچۈن، ئۆشرە-زاكات، سەدىقە -پىتىر، ھەج-تاۋاب ئۈچۈن، **''زېمىننى سەير قىلىڭلار''** دېگەن ئايەتنىڭ مەزمۇنى بويىچە تېخىمۇ كۆپ يەرلەرنى زىيارەت قىلىپ ئاللاھنىڭ قۇدرەت-كامالىنى چۈشىنىپ، ئېتىقادىنى تېخىمۇ مۇستەھكەملەش ئۈچۈن، قىسقىسى ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن سەرپ قىلىشقا بەرگەن ئاشۇ پۇل ۋە مال-دۇنيالارنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلدۇق؟

بىزدە پۇل-ماللارنى ئاللاھ يولىدا سەرپ قىلىدىغانلار بەك ئاز، ئىش دەل بۇنىڭ ئەكسىچە: بىر مۇنچىلىرىمىز تاپقان مال دۇنيالىرىمىزنى يىغىپ توخۇ تۇخۇم باسقاندەك بېسىپ ياتىمىز، ئۇنى تېخىمۇ چوڭراق، ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلمايمىز؛ لېكىن ئۆز ئارا مەنمەنلىك تالىشىپ ھەشەمەتچىلىك قىلىشقا، بالايى نەپسىمىزنى قاندۇرۇپ ئويناپ-كۈلۈشكە، كەيپ-ساپا قىلىشقا، ھاجىتىمىزدىن ئارتۇق كاتتا ئۆي-ئىمارەتلەرنى سېلىشقا تۈمەنلەپ، ھەتتا قەرز ئېلىپ بولسىمۇ پۇل خەجلەيمىز. ''جەننەت'' ياسىغان ھۆكۈمدار شەدداتمۇ ئۆزى ياساتقۇزغان شۇ جەننىتىنى بىر قېتىم كۆرۈپ بېقىشقىمۇ ئۈلگۈرەلمەي ئالەمدىن ئۆتكەن. شۇ قىسقا ھاياتنىڭ ماھىيەتلىك ئەھمىيەتلىرىگە پۇل خەجلىمەي، نەدىكى پوچەك ئىشلارغا پۇل بۇزۇش بىزدىكى خېلى ئومۇمىيۈزلۈك ناچار ئىللەت. ھالىمىزغا باقماي ھەشەمەتلىك تويلارنى ئۆتكۈزۈشكە، ئۆلگەنلەرگە ھەر يوغان گۈمبەز، كاتتا مەقبەرىلەرنى قاتۇرۇشقا ئايانماي پۇل خەجلەيمىز، بۇ دىنىمىزدا يوق بىدئەت ئىش، توختاپ قالايلى دېمەيمىز، خەق قىلىدىكەن، بىزمۇ قىلىمىز دەپ دورامچىلىق قىلىمىز. ئاشۇنداق مۇھىم ئىشلارنىمۇ ئۆز كاللىمىز، ئىمانىمىز، ۋىجدانىمىز بىلەن توغرا ئويلاپ باقمايمىز ۋە زىياننى مۆلچەرلىيەلمەيمىز. بىزنىڭ شۇنچىلىك تەستە تاپقان پۇلىمىزنى قانداق-قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلىدىغانلىقىمىزنى بىرمۇ بىر سۆزلىسەك ئېچىمىز ئېچىشىدۇ، ئەخمەقلىقىمىزدىن كۈلۈشنى يا يىغلاشنى بىلمەيمىز. باشقىسىنى قويۇپ تۇرۇپ، پەقەت رېستورانلىلا خەجلەۋاتقان پۇللارنى ھېسابلىساق، شۇ پۇللارنى ئەگەر ئاللاھنىڭ رىزاسى ئۈچۈن ھېلىمۇ ئاچ-يالىڭاچلىق، مۇھتاجلىقتا ياشاۋاتقان بىچارە قېرىنداشلىرىمىزغا سەدىقە قىلىدىغان

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

بولساق، ئۇلار نەچچە ئاي، نەچچە يىل توق، خاتىرجەم كۈن كۆرەلەيدۇ. لېكىن كۆپىنچىلىرىمىزدە ئۇنداق قىلالايدىغان ئىمان، ئىنساپ، ھېسداشلىق تۈگەپ كەتكەندەك قىلىدۇ. مۇبادا ئاشۇنداق ئىسراپچىلىق قىلىۋېرىپ، قەرزدار بولۇپ، ئىمكانىيىتىمىز تۈگەپ بىچارە ھالغا چۈشۈپ قالساق، ئەينى ۋاقىتتا ئەرزىمەس ئىشلارغا شۇنچە كۆپ پۇل بۇزغىنىمىزنى ئۇنتۇپ، مۇشۇكتەك كۆزىمىزنى يۇمۇۋېلىپ ھاياتتىن، جەمئىيەتتىن، ئادەملەردىن، ھەتتا ياراتقان ئاللاھتىنمۇ قاقشاپ جاھان سارىڭى بولۇپ ئولتۇرىمىز. بۇ ئۇلۇغ ئاللاھنىڭ ئالدىدا قىلىنغان مۇتھەملىك، ئېغىر گۇناھ بولماي نېمە؟

ئاشۇنداق دۇنيا ھېرىسى، تېخىمۇ كۆپ مال-دۇنيا يىغىش ئارزۇسى بىلەن ئۆمرىمىزنىڭ قانداق ئۆتۈپ كەتكەنلىكىنى تۇيمايلا قالىمىز. كۈنلەرنىڭ بىرىدە چاچ ساقاللىرىمىزغا ئاق كىرىپ، كۈچ-ماغدۇرىمىزدىن كېتىپ قالغاندا ئۆتكەن كۈنلىرىمىزنى ئويلاپ باقساق، مال-دۇنياغا زىيادە بېرىلىشنىڭ ئازغۇنلۇققا ھاملدار بىر ئىش ئىكەنلىكىنى بايقايمىز، قىلغان-ئەتكەنلىرىمىزگە قاتتىق پۇشايمان قىلىمىز، لېكىن ئۇ چاغدا تولىمۇ كېچىككەن بولىمىز. ھەزرىتى ئىسكەندەر زۇلقەرنەين چېغىدا ئۆلۈش ئالدىدا ئۆز قەۋمىدىكىلەرگە ۋەسىيەت قىلىپ: ''مېيىتىمنى كۆتۈرۈپ ماڭغاندا ئىككى قولۇمنى جىنازىدىن چىقىرىپ قويۇڭلار. ھايات قالغانلار پۈتۈن يەر يۈزىگە پادىشاھ بولغان مەندەك بىر ھۆكۈمدارنىڭمۇ بۇ دۇنيادىن قۇرۇق قول كەتكەنلىكىنى كۆرۈپ ئىبرەت ئېلىشسۇن'' دېگەنىكەن. بىز بۇ دۇنيادا مەڭگۈ ياشىيالمايمىز، شۇڭا مال-دۇنيامۇ بىزگە مەڭگۈ باقىي ئەمەس. شىراز دىياردا ياشاپ ئۆتكەن پارس شائىرى شەيخ سەئدى ئۆزىنىڭ «گۈلىستان» ناملىق مەشھۇر ئەسىرىدە ئىنسانلارغا پەند-نەسىھەت قىلىپ كېلىپ ئاخىردا:

كۆڭۈل بۆلمە ھەرگىز ئۆتكۈنچى دۇنياغا،
خەلىپە ئۆتۈپ كەتسە دەجلە بىلەن قالار باغدات.

دەپ سۆزىنى تۈگەتكەن ئىكەن.

ھېچكىم ئۆز ئۆمرىدە رىزقىدىن ئوشۇق يېيەلمەيدۇ ياكى يىغقان پۇل-ماللىرىنى جىنازا بىلەن بىللە گۆرگە ئەكىتەلمەيدۇ. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**مېيىت دەپنە قىلىنغاندا ئۇنىڭغا ئۈچ نەرسە ئەگىشىپ ماڭىدۇ، ئۇنىڭدىن ئىككىسى قايتىپ كېلىدۇ، بىرى مېيىت بىلەن بىللە قالىدۇ؛ ئۇنىڭ يېقىنلىرى، پۇل-مېلى ۋە قىلغان ئەمەلى ئەگىشىپ بارىدۇ. ئۇ دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئۇنىڭ يېقىنلىرى ۋە پۇل-مېلى قايتىپ كېلىدۇ. ئەمەلى ئۇنىڭ بىلەن بىللە قالىدۇ**''. ئۆز نەپسىگە يامان بېرىلىدىغان كىشىلىرىمىز «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» لەردىكى ھىدايەت نۇرلىرىنىڭ، پەند-نەسىھەت ۋە ئاگاھلاندۇرۇشلارنىڭ يۈزىدىن بىرگە بولسىمۇ ئىتائەت-ئەمەل قىلىپ ياشىيالىغان بولسا ئۇلارنىڭ ھاياتى نەقەدەر گۈزەل بولار ئىدى-ھە! دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ئېرىشىدىغان ساۋابلىرىچۇ تېخى!

خۇداغا شۈكرى، بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى ئىچىدىمۇ نۇرتاي ھاجى ئىسكەندەر قاتارلىق بىر تۈركۈم تەقۋادار مۇسۇلمانلار، ئۆلىمالار ۋە ۋەتەنپەرۋەر زىيالىلار پۇل-ماللىرىنى قانداق ئىشلارغا سەرپ قىلسا ئەڭ چوڭ ساۋاب تاپىدىغانلىقى ھەم خەلقىنىڭ چەكسىز ھۆرمىتىگە ئېرىشىدىغانلىقىنىڭ ياخشى ئۈلگىسىنى ئۆز ئەمەلىيىتى ئارقىلىق كۆرسىتىپ بەردى. بىز ئاللاھنىڭ ئەنە شۇنداق ياخشى بەندىلىرىدىن چەكسىز پەخىرلىنىمىز ۋە ئۇلار ھەققىدە دۇئا قىلىمىز.

بىلىم-ئاللاھنىڭ ئىنسانلارغا ئاتا قىلغان يەنە بىر ئالىي نېمىتى. «قۇرئان كەرىم» دە مۇسۇلمانلارنى ئىلىم ئىگەللەشكە چاقىرىدىغان ئايەتلەر خېلى كۆپ سالماقنى ئىگەللىگەن. پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ: ''**ئىلىم تەلەپ قىلىش ھەر بىر مۇسۇلمانغا پەرزدۇر**'' دېگەنىدى.

دەرھەقىقەت، زاۋاللىققا يۈز تۇتقان جاھىلىيەت دەۋرىدىكى ئەرەبلەرنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئىسلام نۇرىنى تارىتىشى بىلەن قىسقا مۇددەتتە گۈللىنىپ قۇدرەتلىك، مەدەنىيەتلىك بىر قەۋم بولۇپ پۈتۈن دۇنيانى زىل-زىلىگە كەلتۈرگەندەك ئىشلارنى قىلىشى، قاراخانىيلار سۇلالىسىنىڭ ئۈچ يۈز يىلدىن ئارتۇق سەلتەنەت سۈرۈپ دۇنيا مەدەنىيەت تارىخىدا ئۆچمەس ئىز قالدۇرۇشى، يېقىنقى بىر نەچچە ئەسىردىن بۇيان ئەنگلىيە، فرانسىيە، گېرمانىيە، ئىتالىيە، روسىيە ،ئامېرىكا، ياپونىيە قاتارلىق دۆلەتلەرنىڭ شۇ قەدەر كۈچلۈك دۆلەت بولۇپ دۇنيا سەھنىسىگە چىقالىشى، 2000 يىلدىن ئارتۇق سەرسان بولۇپ يۈرگەن يەھۇدىيلارنىڭ ئاخىر ئىسرائىلىيە دۆلىتىنى قۇرۇپ، قىسقا مۇددەتتىلا دۇنيادىكى كۈچلۈك دۆلەتلەر قاتارىدىن ئورۇن ئالالىشى ...قاتارلىقلارنىڭ سەۋەبى نېمە؟ سەۋەب بىرلا، ئۇلار ئىلىم-پەنگە يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەن، ئاللاھ ئاتا قىلغان ئەقلىنى ئىلىم نۇرى بىلەن قوراللاندۇرغان، ئۆزلىرىنى پەن-تېخنىكا ئارقىلىق قوراللاندۇرغان. ئىلىم-پەننىڭ تەرەققىياتىغا ۋاقىت ھەم پۇلنى ئايىماي سەرپ قىلغان.

ئەسلىدە ئۇلۇغ ئاللاھ بۇنىڭدىن 1400 يىل ئىلگىرىلا «قۇرئان كەرىم» دە :''**(ئاللاھنىڭ ئايەتلىرىدىن) پەقەت ئەقىل ئىگىلىرىلا پەند-نەسىھەت ئالىدۇ**'' («رەئد» سۈرىسى {13-سۈرە}، 19-ئايەت). ''**بىز ئىنسانلارغا (قۇرئاندا ئۇلارنىڭ زېھنىغا يېقىنلاشتۇرۇش ئۈچۈن) بايان قىلغان بۇ تەمسىللەرنى پەقەت ئالىملارلا چۈشىنەلەيدۇ**'' («ئەنكەبۇت» سۈرىسى {29-سۈرە}، 43-ئايەت) دەپ، پۈتۈن ئىنسانلارغا ئىلىم تەلەپ قىلىشنىڭ نەقەدەر زۆرۈر ئىكەنلىكىنى ئاگاھلاندۇرغانىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ: ''**ئىلىم يىراق چىندا (يەنى جۇڭگودا ) بولسىمۇ، بېرىپ تەھسىل قىلىڭلار**'' دەپ جىمى مۇسۇلمانلارنى ئىلىمگە ئۈندىگەنىدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ يەردە كۆزدە تۇتقان ئىلىم نوقۇل دىنىي ئىلىملەرنىلا ئەمەس( ئەگەر شۇنداق بولغان بولسا، ئىسلام دىنى ئەرەب زېمىنىدا تارقالغان تۇرۇقلۇق، مۇسۇلمان بولمىغان ئەلدىن ئىلىم ئىزدەپ يۈرۈشنىڭ نېمە ھاجىتى؟) بەلكى ھەر تۈرلۈك پەن، ھۈنەر-سەنئەت، يېزا ئىگىلىك ، چارۋىچىلىق سودا-سېتىق ئىلىملىرى قاتارلىق ناھايىتى كەڭ دائىرىدىكى ئىلىملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. غەرب ئەللىرى ئۇنىڭغا يۈكسەك ئەھمىيەت بەرگەنلىكتىن ، ئۆز ئىچىدىن نۇرغۇن ئالىم-مۇتەخەسسىسلەرنى، پەيلاسوپلارنى يېتىلدۈرەلىگەنلىكتىن، ئۇلارنىڭ پەن-مەدەنىيىتى، ھۈنەر-سەنئىتى، سانائەت-تېخنىكىلىرى مىسلىسىز تەرەققىي قىلالىدى ۋە مۇسۇلمانلاردىن ئۆزۈپ چىقالىدى.

ھالبۇكى، بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرىچۇ؟ بىزدىن نۇرغۇنلىرىمىز ئاللاھ تۇغۇلۇشىمىزدىنلا ئىرسىيەت قىلىپ بەرگەن، ھايۋاندىن پەرقلىنىدىغان ئاشۇ خېمىرتۇرۇچنىڭ ئورنىدىكى ئەقلىمىزگە تايىنىپلا جان بېقىپ كەلدۇق، ئەقلىمىزنى ئىلىم بىلەن قوراللاندۇرۇپ، ئۆزىمىزنى قۇدرەتلەندۇرۇشكە كۆڭۈل بۆلمىدۇق. ئۇلۇغ شائىر ئەلىشىر نەۋائى: ''ئىلىم ئۆگەنمەك ئېتىقادنى مۇستەھكەملەش ئۈچۈندۇر''

www.uyghurkitap.com



دېگەنىكەن. ئىلگىرى يۇرت چوڭلىرى بولۇپ خەلقنى يېتەكلىگەن خېلى كۆپ داموللام، قازى-ئىشان، قارى-خەلپەتلىرىمىز پەقەت قۇرئان بىلەن ھەدىسنى ئوقۇيالايتتى ياكى يادلىيالايتتى، ئاز بىر قىسمى تەپسىر قىلالايتتى. پەقەت شۇنچىلىك ئىلمى بىلەنلا مەسچىتلەرگە ئىمام-خاتىپ، مەدرىس-مەكتەپلەرگە مۇددەرىس، خەلپەت بولۇپ كەلگەنىدى. ھازىرمۇ بىر مۇنچە دىنىي ئۆلىمالىرىمىز ۋە زاتلىرىمىز پەننىي ئىلىملەردىن تولۇق خەۋەردار ئەمەس، دۇنيا ئىلىملىرىدىن ھەم دۇنيا ۋەزىيىتىدىن سۆزلەپ بېرەلمەيدۇ. كومپيۇتېر دېگەندەك زامانىۋى ئۇچۇر-قورال ۋاستىلىرىدىن ئەسلا پايدىلىنالمايدۇ. شارائىت يوقمۇ ئەمەس، ئەمەلىيەتتە ئۇلارنىڭ كۆپ قىسمى يېڭى ئىلىملەرنى ئۆگىنىشكە زادىلا قىزىقمايدۇ ياكى ئۆگىنىشنىمۇ خالىمايدۇ، زامانغا سىڭىپ كىرىۋاتقان يېڭىلىقلارغا دىققەت قىلماي، ئەتراپىدا يۈز بېرىۋاتقان نۇرغۇن ئىشلارنى ئۆزىگە مۇناسىۋەتسىز ھېسابلاپ قولاق يوپۇرۇپ يۇرىۋېرىدۇ؛ خۇسۇسىي ئىشىدىن باشقىنى ئاز ئويلايدۇ، بەزىلىرى باركى، ۋاقتى كەلگەندە ئۆزىنىڭ شەخسىي مەنپەئەتى ئۈچۈن قۇرئاندىكى ئايەت ۋە ھەدىسلەرنىڭ مەزمۇنىنى بۇرمىلاپ، خالىغانچە خاتا تەبىر بېرىش ياكى پەتىۋا چىقىرىشتىن يانمايدۇ. ئۇلارنىڭ نۇرغۇنلىرى ئۆز يۇرتىنىڭ نېرىسىغا ئۆتۈپ باقماي جاھان دېگەن موشۇ ئوخشايدۇ دەپ ياشاپ كەلگەن، يەرلىك ساددا خەلقىمىزنىڭ ئۇلارنى بېشىغا ئېلىپ كۆتۈرۈشى، ھەتتا چوقۇنۇش دەرىجىسىگە بېرىپ يېتىشى ئۇلارنى ئۆز ماكانىغا شۇنداق كۆندۈرۈپ قويغان. خەلقىمىزنىڭ ئىدىيىسى ۋە ئىش-ھەرىكىتى ئاشۇنداق بىر قىسىم ئاخۇنلىرىمىزنىڭ ئىدىيىسى ۋە سۆز-ھەرىكىتىنىڭ تەسىرىگە چوڭقۇر ئۇچراپ، ئۇنىڭدىن ھالقىيالمايدىغان بولۇپ قالغان؛ ئەۋلادمۇ ئەۋلاد ئاشۇلارنىڭ ئەمىر-مەرۇپلىرىنى ئاڭلاپ، يېڭىلىققا، ئىلىمگە ئىنتىلمەي، ئاددىي قول ھۈنەرۋەنچىلىكتىن تەرەققىي قىلالماي، دېھقاننىڭ بالىسى دېھقان، ئاشپەزنىڭ بالىسى ئاشپەز، ناۋاي ياكى سەيپۇڭ، موزدوزنىڭ بالىسى موزدوز ياكى سەتراچ، ياغاچچىنىڭ بالىسى ياغاچچى ياكى تۆمۈرچى ... بولۇپ، شۇنچىلىك ھۈنەر-كەسىپ بىلەنلا چەكلىنىپ قالغان؛ بۇ ئەھۋال يەنىلا مەۋجۇت. قىسقىسى، ئىلىمسىز قالدۇق، ئىلىمسىز قالغانلار كۆپەيگەنسېرى ئىمانىمىزمۇ سۇسلىشىپ، بۇزۇقچىلىق، بىدئەتچىلىك باش كۆتۈرۈپ، ساناپ تۈگەتكۈسىز نۇقسان-ئىللەتلەر ۋۇجۇدىمىزغا مەرەزدەك چاپلىشىپ، ھەقىقىي مۇسۇلمانلىقتىن بارغانچە يىراقلاپ كەتتۇق. تارىخىمىزدىن مەلۇمكى، نادانلىقىمىز تۈپەيلىدىن ئابدۇقادىر داموللامدەك ئاجايىپ ئېسىل ئالىمىمىز خەنجەر تىقىپ ئۆلتۈرۈلدى. بىزلا ئەمەس، ئىلىمسىزلىك، نادانلىق تۈپەيلىدىن پۈتۈن ئىسلام دۇنياسىدا، جۈملىدىن ئوتتۇرا ئاسىيادا سان-ساناقسىز تۇپىلاڭلار، قىرغىنچىلىقلار يۈز بەردى، قانلار دەريا بولۇپ ئاقتى، كېسىلگەن باشلاردىن مۇنار تىكلەندى، شەھەرلەر خارابىلىككە ئايلاندى، ئاجايىپ كاتتا ئالىم-ئۆلىما، ئەدىپ، ۋەتەنسۆيەر قەھرىمانلار نەھەق ئۆلتۈرۈلدى. ئېسىل كۇتۇبخانىلار، ناھايىتى قىممەتلىك كىتابلار-رىسالىلەر كۆيدۈرۈلۈپ تۈگىدى. ئەجەبا، ئىلىمسىزلىك، نادانلىق، ياۋايىلىق كەلتۈرۈپ چىقارغان ئاشۇنداق دەھشەتلىك، زور پاجىئەلەر بىزگە ئىبرەت ئەمەسمۇ؟!

خۇلاسە كالام، ئۇلۇغ ئاللاھ بىز بەندىلىرىگە ئاتا قىلغان ۋاقىت، پۇل-مال ۋە بىلىمدىن ئىبارەت بۇ ئۈچ تۈرلۈك نېمەت بۇ ھاياتىمىزدا خۇددى ھاۋا، سۇ، تۇپراققا

ئوخشاشلا كەم بولسا بولمايدۇ. ئۇلار ئۆز ئارا باغلىنىدۇ، بىر-بىرىگە يېقىنىدۇ ۋە بىر-بىرىنى شەرت قىلىدۇ. تەرەققىي قىلغان ئەللەردە ئۇلارنىڭ مۇناسىۋىتى ئاللىقاچان ئايدىڭلاشتى. ئۇلار نۇرغۇن ۋاقىت سەرپ قىلىپ بىلىم ئالىدۇ، ئالغان بىلىمىدىن پايدىلىنىپ نۇرغۇن ئەھمىيەتلىك ئىشلارنى قىلالايدۇ ۋە ياكى ئاز جاپا بىلەن ئاز ۋاقىتتىلا كۆپ پۇل تاپالايدۇ. تاپقان پۇلى بىلەن تېخىمۇ چوڭ ئىشلارنى قىلىپ ئۆز ھاياتىنى گۈللەندۈرۈپ ماڭىدۇ ۋە يەنە ئەۋلادلىرىنىڭ بىلىم ئېلىشىغا پۇل سەرپ قىلىدۇ، ئەھمىيەتسىز ئىشلارغا پۇل بۇزمايدۇ ياكى ناھايىتى ئاز خەجلەيدۇ. شۇنداق قىلىپ ئۇلار پۇل ۋە بىلىم بىلەن ۋاقىتنى تېجەپ، ئۆمرىنى ھەرگىز زايە قىلمايدۇ، ئەۋلادلىرىغىمۇ شۇنداق ئۆگىتىدۇ.

ئۇلار ئاللاھنىڭ شۇ ئۈچ نېمىتىنى زايە قىلماي ھاياتىدىن تولۇق پايدىلىنىدۇ، لېكىن بىزچۇ؟

ئاللاھ قۇرئاندا: ''**ھەممىڭلار ئاللاھنىڭ ئارغامچىسىغا (يەنى ئاللاھنىڭ دىنىغا) مەھكەم يېپىشىڭلار، ئايرىلماڭلار...**'' («ئال ئىمران» سۈرىسى {3-سۈرە}، 103-ئايەت). ''**روھىنى پاك قىلغان ئادەم چوقۇم مۇرادىغا يېتىدۇ**'' («شەمس»{91-سۈرە}، 9-ئايەت) دېگەنىدى. بىز ئۇيغۇر مۇسۇلمانلىرى بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىغا ئەمەل قىلالمىغۇدەك دەرىجىدە زەئىپمۇ ئەمەس، ئۇلۇغ ئاللاھ ھەممىمىزگە تەۋپىق، ھىدايەت، كۈچ-قۇۋۋەت ئاتا قىلسۇن-ئامىن!

(ئاپتور: ئۇچتۇرپان ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# «قۇرئان كەرىم» توغرىسىدا

«قۇرئان كەرىم» ئاللاھنىڭ سۆزى بولۇپ، ئۇ پەرىشتە جىبرىئىل ئارقىلىق پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسلام دىنىنى تارقىتىش بىلەن شۇغۇللانغان 23 يىل ئىچىدە تەدرىجىي نازىل بولغان. «قۇرئان كەرىم» 30 پارە بولۇپ، ئۇنىڭدا جەمئىي 114 سۈرە، 6236 ئايەت (6211 ئايەت، 6666 ئايەت بار دېگۈچىلەرمۇ بار)، 77409 سۆز (77934 سۆز دەيدىغانلارمۇ بار)، 308123 ھەرپ (322621 ھەرپ دەيدىغانلارمۇ بار) بار. «قۇرئان كەرىم» سۈرىلىرى مەككە سۈرىلىرى، مەدىنە سۈرىلىرى دەپ ئىككىگە بۆلۈنىدۇ. مەككە سۈرىلىرى 86، جەمئىي 4613 ئايەت، مەدىنە سۈرىلىرى 28، جەمئىي 1623 ئايەت، مەدىنە سۈرىلىرىنىڭ ھەجمى بىر ئاز ئۇزۇن، مەككە سۈرىلىرىنىڭ ھەجمى بىر ئاز قىسقا. مەككە سۈرىلىرىدە ئىسلام دىنىنىڭ ئىدىيىۋى ئاساسى يەنى ئاللاھنى بىر دەپ تونۇش، بىر ئاللاھقىلا ئىبادەت قىلىش قەيت قىلىنىدۇ. مەدىنە سۈرىلىرىدە ئاساسلىق كونكرېت ئىشلار ۋە قانۇن، بەلگىلىمىلەر قەيت قىلىنىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام 40 ياش ۋاقتىدا (مىلادىيە 610-يىلى) نازىل بولۇشقا باشلاپ، ئاخىرقى سۈرە نازىل بولغانغا قەدەر 22 يىل، ئىككى ئاي، 22 كۈن ئۆتكەن.

**(ياقۇپ ھاجى)**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# «قۇرئان كەرىم» بىلىملىرى خەزىنىسى



ھاجى يەھيا سەنۆير لىن سۈك

## 2.«قۇرئان كەرىم» تەفسىرلىرى ھەققىدىكى يېڭى ئىزدىنىشلەر*

«قۇرئان كەرىم»نى تەرجىمە قىلىش ۋە تەفسىرلەش داۋامىدا، تارىختا ئۆتكەن مۇفەسسىرلەر، مۇتەرجىملەر ۋە تەتقىقاتچىلارنىڭ نۇقتىئىنەزەر ياكى نەتىجىلىرى ھامان كېيىنكىلەرنى پايدىلىنىدىغان، ئەينەك قىلىدىغان تالاي قىممەتلىك ماتېرىياللار بىلەن تەمىنلەپ كەلدى، شۇڭا ھازىرقى زاماندىكى بىر مۇنچە مۇتەرجىملەر، مۇفەسسىرلەر يا بۇ ماتېرىياللاردىن كۆپلەپ نەقىل ئېلىپ، يا يىغىنچاقلاپ پايدىلىنىپ، تەفسىرلەش خىزمىتىنى يېڭى پەللىگە قەدەم باسقۇزدى.

تەفسىرلەش ئىشىدا ئەھمىيەت بېرىشكە ئەرزىيدىغان بىر مۇنچە ئۇسۇللار بار، مەسىلەن:

<1>ئىلگىرى-كېيىنكى ئايەتلەرنى ئالاقىلاشتۇرۇپ تەفسىرلەش: مۇناسىۋەتلىك ئايەتلەرنى ئالاقىلاشتۇرۇپ، ئۇلارنىڭ ئىچكى باغلىنىشىنى ئېچىپ، ئۇلارنى ئۆز ئارا گىرەلەشتۇرۇپ، بىر-بىرىنى ماسلاشتۇرۇپ، تەبىئىي رەتلىك تەھلىل قىلىش.

مەسىلەن، ئاساسەن مۇھەممەد ئەلى ۋە يۇسۇف ئەلىلارنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە- تەفسىرىگە ئاساسەن شەرھ ئېلىپ بارغان ئالىم شى زىجۇ ئايەتلەرنى ئالاقىلاشتۇرۇپ، ئىنسان جېنى(روھى) نىڭ ئالغا يۈكسىلىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلگەن:

A. تەن باشقۇرۇشىدا بولۇش باسقۇچى
B. ئەخلاق تىزگىنلىشىدە بولۇش باسقۇچى
C. جان (روھ)ئارام تېپىش باسقۇچى

ئۇ ئايەتلەرنى تەفسىر قىلىش ئارقىلىق ھەر بىر باسقۇچنى بىر-بىرلەپ بايان قىلغان، مەسىلەن، بىرىنچى باسقۇچنى بايان قىلغاندا، سۈرە «يۇسۇف»(12-سۈرە) دىكى ئۆز ئارا سۆزلىشىشتىن نەقىل ئالغان. ئەينى ۋاقىتتا يۇسۇف ئەلەيھىسسالام ئۇۋالچىلىققا ئۇچرىغانىدى، ئۇ ئېسىلزادە خوتۇننىڭ قىلتاق(يېقىنچىلىق قىلىش) تەلىۋىنى رەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئاھانەتتىن غەزەپلەنگەن ئۇ خوتۇن ئۇنى قارىلاپ زىندانغا تاشلاتقۇزىۋەتكەنىدى. ئەھۋال ئايدىڭلاشقاندىن كېيىن، يۇسۇف ئەلەيھىسسالام بىگۇناھ دەپ جاكارلىنىپ زىنداندىن قويۇپ بېرىلىش ئالدىدا ئۇ مۇنداق دېگەن: ''...**مەن ئۆزەمنى ئاقلىمايمەن: نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ، پەرۋەردىگارىم رەھمەت قىلىپ(ساقلىغان) ئادەم بۇنىڭدىن مۇستەسنا. مېنىڭ پەرۋەردىگارىم ھەقىقەتەن مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر**''(سۈرە «يۇسۇف»{12-سۈرە} '53-ئايەت).

مۇفەسسىر يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ئايەتنىڭ ئىككىنچى جۈملىسىنى (''نەپسى دېگەن نەرسە ھەقىقەتەن يامان ئىشلارغا كۆپ بۇيرۇيدۇ''دېگەن جۈملىنى) شەرھىيلەپ: ''ئىنسان جېنى(روھ)نىڭ يۈكسىلىشىنى ئۈچ باسقۇچقا بۆلۈش مۇمكىن. بۇ (يۇقىرىقىسى) بىرىنچى باسقۇچ يەنى تەن باشقۇرۇشىدا بولۇش باسقۇچى، بۇنى ھايۋانىي نەپسى باسقۇچى دېيىشكىمۇ بولىدۇ، بۇ باسقۇچتا، قورساق ئاچ قالسا يېمەكلىكنىڭ كويىدا بولۇشنىلا بىلىدۇ؛ سوغوقتا قالسا، ئىللىنىشنىڭ كويىدا بولۇشنىلا بىلىدۇ، بۇ جەھەتتە ھەرخىل ھايۋانلاردىن پەرقى بولمايدۇ'' دەيدۇ. ئۇ ئىككىنچى باسقۇچنى ''ئۆزىنى تىزگىنلەش باسقۇچى''دەپ ئاتاپ، يەنە بىر ئايەتنى نەقىل ئالغان: '' **قىيامەت كۈنى بىلەن قەسەمكى، ئۆزىنى**

* بېشى ئۆتكەنكى سانلاردا

**مالامەت قىلغۇچى نەپسى بىلەن قەسەمكى، ئىنسان (يەنى كاپىر) بىزنى ئۇنىڭ (چىرىپ تارقىلىپ كەتكەن) سۆڭەكلىرىنى جەمئىي قىلالمايدۇ دەپ گۇمان قىلامدۇ؟''** (سۈرە «قىيامەت» {75-سۈرە}، 1—3-ئايەتلەر).

مۇپەسسىرنىڭ قارىشىچە، ''ئۆزىنى مالامەت قىلىش'' دەرىجىسى جان (روھ) تەرەققىياتىنىڭ ئىككىنچى باسقۇچى بولۇپ، ''ئۆزىنى تىزگىنلەش باسقۇچى'' دەپ ئاتىلىدۇ، ''ئۆزىنى مالامەت قىلىش—ئۆزىنى تىزگىنلەشتۇر، ئىنساننىڭ تەربىيىلىنىپ يېتىشىشى مۇشۇ باسقۇچقا يەتكەندە، ئەگەر ئۆزىدە يامان ئىش قىلىش ئىدىيىسى سادىر بولسا، ئۇ ئۆز ۋىجدانىنىڭ ئەيىپلىشىگە ئۇچرايدۇ-دە، شۇ ھامان ئۆزىنى تىزگىنلەپ، گۇناھ قىلمىشىنى قىلىشقا جۈرئەت قىلالمايدۇ ياكى قىلىشنى خالىمايدىغان بولىدۇ. ئەمما بۇ خىل پاك كۆڭۈللۈك تەبىئىي (ئۆزلۈكىدىن) بولماستىن بەلكى ئۆزىنى تىزگىنلەشتىن بولىدۇ''. شۇڭا يەنە ئۈچىنچى باسقۇچقا تەرەققىي قىلىشقا توغرا كېلىدۇ، شۇنداق بولغاندىلا ''كامىل ياخشىلىق'' مەنزىلىگە يېتەلەيدۇ. ئايەتتە مۇنداق دېيىلىدۇ: '' **ئى ئارام تاپقۇچى جان! سەن پەرۋەردىگارىڭدىن مەمنۇن، پەرۋەردىگارىڭ سەندىن رازى بولغان ھالدا، ئۇنىڭ دەرگاھىغا قايتقىن. سەن مېنىڭ (ياخشى) بەندىلىرىم قاتارىغا قوشۇلغىن، مېنىڭ جەننىتىمگە كىرگىن''** (سۈرە «فەجر» {89-سۈرە}، 27—30-ئايەتلەر).

مانا بۇ ''كامىل ياخشىلىق''تىن ئىبارەت ئۈچىنچى باسقۇچ. ئالاقىلاشتۇرۇپ تەفسىرلىگۈچىنىڭ قارىشىچە، '' ئىنسان مۇشۇ مەنزىلگە يەتكەندىلا، چىن قەلبىدىن مىزان ھالقىمايدىغان بولىدۇ''، بۇ ''ئىنسان روھى (جېنى) نىڭ يۈكسىلىپ ئەڭ ئالىي باسقۇچقا يەتكەنلىكىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. مانا بۇ ئىسلام دىنى تەھقىقلەشتۈرگەن جەننەت ھاياتىدۇر''.

بۇ ئۈچ باسقۇچ ھەققىدە ئۈچ ئايەتتە ئايرىم-ئايرىم ئېيتىلغان ''نەپسى دېگەن نەرسە يامان ئىشلارغا بۇيرۇيدۇ''، '' ئۆزىنى مالامەت قىلغۇچى نەپسى'' ۋە ''ئى ئارام تاپقۇچى جان'' لاردىكى ھالقىلىق سۆز '' نەفسى''، ''جان'' دېگەن سۆزلەر ئەسلى ئەرەبچىدە تۈگەل ''**النفس**'' (نەفسى) دېگەن بىرلا سۆز بىلەن ئىپادىلەنگەن. بۇ سۆزنىڭ مەنىسى كەڭ ۋە مول بولۇپ، تۈرلۈك تىل مۇھىتلىرىغا قاراپ: ''جان''، ''ھاياتلىق''، ''روھ''، ''روھىيەت''، ''تەبىئىتى''، ''تەمەتەشنا''، ''كۆڭۈل''، ''ماھىيەت''، ''ئەقلىيەت'' دېگەندەك ئۇقۇملارنى بېرىدۇ، ئۇ ئادەملەرنى، جانلىقلارنى بىلدۈرۈشى مۇمكىن؛ خاراكتېر، پەزىلەت، ساپا قاتارلىقلارنى بىلدۈرۈشىمۇ مۇمكىن، شۇڭا ئۇ ھەم كونكرېت ئىسىم ھەم ئابستراكت ئىسىمدۇر. ئايەتلەرنى نەقىل ئېلىپ تەفسىر قىلغۇچى ئايرىم-ئايرىم ھەر قايسى سۈرىلەردە بېرىلگەن مۇناسىۋەتلىك ئۇقۇم ۋە مەزمۇنلارنى قاتار گىرەلەشتۈرۈپ، جان (روھ) نىڭ تەدرىجىي يۈكسىلىش تەرەققىياتىنى ئىگىلەش بىلەن، ئىنسان نەفسىنىڭ دەسلەپكى ھايۋانىي خاراكتېرلىك باسقۇچتىن ئەقلىيلىك، ئۆزىنى تىزگىنلەش باسقۇچىغا ئۆرلەيدىغانلىقىنى، ئاخىرىدا يەنىمۇ يۈكسىلىپ، ئىنسانىيلىق ھايات مۇساپىسىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى قاراگاھى—''جاننىڭ توختىشى''غا يۈزلىنىپ، ئالىي مەنزىلگە قەدەم باسىدىغانلىقىنى، بۇنىڭ روھنىڭ ئەۋجىگە ئۆرلىشى ۋە ھاياتلىقتىن ساقىت بولۇشى بولۇپ، بۇ ئارقىلىق روھنىڭ ئەمىن تاپىدىغانلىقىنى بايان قىلغان. بۇ خىل ئەقلىيلىك نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىپ تەپەككۇر ھاسىل قىلغاندىن كېيىن ئۆز كۆز قارىشىنى نامايەن قىلىش بىر خىل يېڭىلىق بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ئومۇمىي نۇقتىدىن پۈتكۈل ئايەتلەرنى ئوقۇپ چىقىپ، ئۇلار ئارىسىدىكى ئىچكى ئۇيغۇنلۇق ۋە ئالاقىنى ئىگەللەش ئارقىلىق ئومۇملاشتۇرۇپ تەفسىر قىلىشتەك بۇ خىل شەكىل ئۆگىنىشنىڭ بىر خىل ياخشى ئۇسۇلىدۇر. بۇ جەھەتتىكى مەلۇم تەتقىقات نەتىجىسىنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى ھەققىدە بىر نەرسە دېمىسەكمۇ، ئەمما بۇ خىل ئۇسۇل چوقۇم «قۇرئان كەرىم»نى چوڭقۇرلاپ مۇھاكىمە قىلىش ۋە چۈشىنىپ يېتىشكە پايدىلىق، تەتقىق قىلغۇچىنىڭ شەخسىي ئۆگىنىش تەسىراتى سۈپىتىدە ئۇنى قەدىرلەشكە ئەرزىيدۇ.

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

<2> ئەقلىيلىك نۇقتىسىدىن مۇلاھىزە قىلىپ كۆرۈش: يەنى ئاجايىبات تۇسىگە ئىگە ئايەتلەر ئۈستىدە، يا ئۇلارنىڭ سىرلىقلىقىنى تېخىمۇ كۈچەيتىۋېتىش، يا ئەقلىيلىك نۇقتىسىدىن تەھلىل ئېلىپ بېرىش.

«قۇرئان كەرىم»دە ئاجايىبات ۋە سىرلىق تۇسكە ئىگە كۆپلىگەن مەزمۇنلار — نام-ئاتالغۇلاردەك كىچىك مەزمۇنلاردىن تارتىپ، ۋەقەلىك تەركىبى ياكى ئۇنىڭ باش-ئاخىرىغا ئوخشاش چوڭ مەزمۇنلار بار، بۇلارنى ھەم زاھىرىي مەنىسى جەھەتتىن چۈشىنىشنى قوغداپ، نوقۇل دىنىي ئاڭ جەھەتتىن چىقىپ، ئىلگىرىدىن تارتىپ قىلىنىۋاتقان تەفسىرلەشتە چېكى تۇرۇۋاتقانلار بار، شۇنداقلا يەنە ئەقلىيلىك خاراكتېرىدە تۇرۇپ، ئاجايىبات تەركىبلەرنى چىقىرىۋېتىپ، ئىلگىرىكى مۇفەسسىرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى تەفسىرلەشلىرىگە ئوخشىمىغان ھالدا يېڭىچە چۈشەندۈرۈشكە تىرىشىۋاتقانلارمۇ كەينى-كەينىدىن چىقىۋاتىدۇ.

شۇڭا، يېقىنقى ۋە ھازىرقى دەۋردە، بۇ جەھەتتە يېڭىچە شەرھ بېرىش ئەھۋالىنى ئىگەللەش ئۈچۈن بىر نەچچە مىسال كەلتۈرىمىز:

(1-مىسال)«قۇرئان كەرىم»دە ''جىن'' ،''جىننە'' دېگەن سۆز دائىم تىلغا ئېلىنىدۇ ۋە 39 دەك يەردە چېلىقىدۇ، شۇنداقلا بۇ سۆز 72-سۈرىنىڭ سۈرە نامى قىلىنغان. مۇفەسسىرلەرنىڭ كۆپىنچىسى بۇنى (جىننى) ئىنسانغا ئوخشاش مېڭىسى تەرەققىي قىلغان، ئەقىل ۋە تەپەككۇرگە ئىگە ئالىي دەرىجىلىك ھايۋان، مەسىلەن، جەننەتتە ئىنسانلارنىڭ پىر بوۋىسى ئادەم ئەلەيھىسسالام بىلەن ھەۋۋا ئانىنى ئازدۇرۇپ، چەكلەنگەن مېۋىنى يېگۈزگەن ھىيلىقى ئىبلىس ئەنە شۇ ''جىن'' دائىرىسىگە كىرىدۇ، دەپ قارايدۇ.

زادى ''جىن''نېمە؟ ئىنسانمۇ ياكى غەيرىي ئىنسانمۇ؟ بۇ ئۇقۇمنى چۈشەندۈرۈشلەر ئانچە ئوخشۇشۇپ كەتمەيدۇ، ھەتتا ناھايىتى زور پەرقلىنىدۇ.

ئومۇمەن ئەنئەنىۋى چۈشەندۈرگۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئۇ بىر خىل ''ئاجايىب زات''، كىشىلەر ئۇنىڭ جىسمى ۋە قىياپىتىنى كۆرەلمەيدۇ، ئۇ ئەقىل-پاراسەتلىك، تەپەككۇر تەرەققىي قىلغان، سەزگۈر ھېسسىياتلىق مەخلۇق (يارىتىلغان جانلىق) بولۇپ، ئۇنىڭ سۈپىتى بار ئەمما شەكلى يوق، ئۇلارمۇ ئىنسانغا ئوخشاش ياخشى-يامان دەپ ئايرىلىدۇ، ئاقكۆڭۈل ۋە قارا كۆڭۈل دەپ پەرقلىنىدۇ، ئەمما ئۇلار ئىنساندىن پەرقلىنىدۇ، چوقۇم ئىنسان ئەمەس. چۈنكى:

1> «قۇرئان كەرىم»دە ''ئىنسان'' بىلەن ''جىن'' دائىم تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ (6-سۈرە 112-ئايەت؛ 7-سۈرە 38-، 179-ئايەتلەر؛ 17-سۈرە 88-ئايەت؛ 27-سۈرە 17-ئايەت؛ 41-سۈرە 25-، 29-ئايەتلەر؛ 46-سۈرە 18-ئايەت؛ 51-سۈرە 56-ئايەت؛ 55-سۈرە 3-ئايەت؛ 72-سۈرە 5-، 6-ئايەتلەرگە قاراڭ) مەسىلەن، بۇلاردىن بىر ئايەتتە: ''**جىنلارنى، ئىنسانلارنى پەقەت ماڭا ئىبادەت قىلىش ئۈچۈنلا ياراتتىم**''(سۈرە «زارىيات»{51-سۈرە}، 56-ئايەت) دېيىلگەن.

سۈرە «رەھمان» (55-سۈرە) نىڭ 33-ئايىتىدە يەنە مۇنداق دەپ مۇراجىئەت قىلىنغان: ''**ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! ئەگەر سىلەر (ئاللاھنىڭ قازاسىدىن قېچىپ) ئاسمانلارنىڭ ۋە زېمىننىڭ چېگرىلىرىدىن ئۆتۈپ كېتەلىسەڭلار، ئۆتۈپ كېتىڭلار، سىلەر پەقەت قۇۋۋەت بىلەن ئۆتۈپ كېتەلەيسىلەر (لېكىن سىلەرگە بۇنداق قۇۋۋەت قەيەردىن كەلسۇن)**''.

يەنە كېلىپ بۇ سۈرىدە جىن ۋە ئىنسانلارغا قويۇلغان 31 ياندۇرما سوئال جۈملە بار، ھەر بىر جۈملىدە ''ئى ئىنسانلار، جىنلار!'' دېيىلگەن. بۇنىڭ ئۆزى ''ئىنسان'' بىلەن ''جىن''نىڭ ئىككى يارىتىلغۇچى (مەخلۇق) ئىكەنلىكى، ئۇلارنى ئارىلاشتۇرۇۋېتىشكە بولمايدىغانلىقىنى تولۇق كۆرسىتىپ بېرىدۇ. ناۋادا ''جىن''لار ''ئىنسان''غا تەئەللۇق بولۇپ، ئوخشاش بىر كاتېگورىيىدە بولسا، ئايەتلەردە نېمىشقا ئىككىسى تەڭ تىلغا ئېلىنىدۇ؟ مۇراجىئەت قىلىنغان، ياندۇرما سوئال سورالغاندىمۇ ''ئىنسانلار، جىنلار'' دېيىلمىگەن بولاتتى.

2> ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنىشىچە، ئاللاھ تائالا تۇنجى ئىنسان — ئادەم ئاتىنى ئاپىرىدە قىلغان ھامان پەرىشتىلەرنىڭ ئادەم ئاتىغا ئېھتىرام

بىلدۈرۈشىنى مۇراجىئەت قىلغان، ئۇلاردىن پەقەت ئىبلىس بۇيرۇقنى رەت قىلغان؛ ئايەتتە يەنە ئىبلىسنىڭ ''جىن'' تىپىغا تەئەللۇق ئىكەنلىكى (18-سۈرە 50-ئايەت) چۈشەندۈرۈلۈپ، ئۇنىڭ ئىنسانغا تەئەللۇق بولۇش مۇمكىنچىلىكىنى يوققا چىقارغان. چۈنكى، ئادەم ئاتىنىڭ تۇنجى يارىتىلغان ئىنسان ئىكەنلىكى ئېنىق؛ پەرىشتە، جىنلار بولسا، ئۇنىڭدىن ئىلگىرى ئاللىبۇرۇن مەۋجۇت ئىدى. ئەگەر جىنمۇ ئىنسان بولسا، ئادەم ئاتىنى قانداقمۇ تۇنجى ئىنسان ھېسابلىنىغلى بولسۇن؟ يەنە كېلىپ، ئادەم ئاتا ئەر-خوتۇن ۋە ئىبلىس بىر-بىرىگە دۈشمەن سۈپىتىدە زېمىنغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن (7-سۈرە، 24-، 25-ئايەتلەرگە قاراڭ) ھەمدە ھەرگىز ئۇلارنىڭ ھەممىسىلا ''ئىنسان'' دېيىلمىگەن.

3> ئىنسان بىلەن جىننىڭ روشەن پەرقلىنىدىغانلىقى «قۇرئان كەرىم»دىمۇ يېزىلغان. مەسىلەن، ئادەم ئاتىنىڭ پەرىشتىلەر ئارىسىدا دەسلەپكى قېتىم كۆزگە چېلىققانلىقى ئايەتلەردە كۆپ جايدا تىلغا ئېلىنغان. ئۇلاردىن ۋەقەلىكى ئىنچىمراق بىر ئابزاسنى مىسال كەلتۈرەيلى: ''**شۈبھىسىزكى، بىز سىلەرنى ياراتتۇق، ئاندىن سىلەرنى شەكىلگە كىرگۈزدۇق، ئاندىن پەرىشتىلەرگە:'سىلەر ئادەمگە (ھۆرمەت بىلدۈرۈش يۈزىسىدىن) سەجدە قىلىڭلار'دېدۇق، ئىبلىستىن باشقىسى سەجدە قىلدى. ئۇ سەجدە قىلغۇچىلاردىن بولمىدى. ئاللاھ (ئىبلىسقا):'سېنى سەجدە قىلىشقا بۇيرۇغان چېغىمدا نېمىشقا سەجدە قىلمىدىڭ؟' دېدى. ئىبلىس:'مەن ئۇنىڭدىن ئارتۇق، مېنى ئوتتىن، ئۇنى لايدىن ياراتتىڭ' دېدى**'' (سۈرە «ئەئراف» {7-سۈرە}، 11-، 12-ئايەتلەر).

بۇنىڭغا مۇناسىپ ئايەتلەرمۇ بار، مەسىلەن، سۈرە «ھىجر» (15-سۈرە) نىڭ 26—33-ئايەتلىرىدە مۇنداق دېيىلگەن: ''**شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام)نى قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ياراتتۇق. جىنلار (يەنى شەيتانلار ۋە ئۇلارنىڭ باشلىقى ئىبلىس)نى ئىلگىرى تۈتۈنسىز ئوت يالقۇنىدىن ياراتقاندۇق. پەرۋەردىگارىڭ ئۆز ۋاقتىدا پەرىشتىلەرگە ئېيتتى:'مەن ھەقىقەتەن قارا لايدىن ياسىلىپ شەكىلگە كىرگۈزۈلگەن (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن ئىنسان (يەنى ئادەم ئەلەيھىسسالام)نى يارىتىمەن. مەن ئۇنى تولۇق ياراتقان (يەنى ئۇنى يارىتىپ سۈرەتكە كىرگۈزۈپ، ئەزالىرى تولۇق ۋە مۇكەممەل ئىنسان ھالىتىگە كەلتۈرگەن) ۋە ئۇنىڭغا جان كىرگۈزگەن چېغىمدا، سىلەر ئۇنىڭغا سەجدە قىلىڭلار'. پەرىشتىلەرنىڭ بىرىمۇ ئايرىلىپ قالماي ھەممىسى (ئادەم ئەلەيھىسسالامغا) سەجدە قىلدى. پەقەت ئىبلىسلا سەجدە قىلىشتىن باش تارتتى. ئاللاھ:'ئى ئىبلىس! سەن نېمىشقا سەجدە قىلمايسەن؟'دېدى. ئىبلىس:'قارا لايدىن ياساپ شەكىلگە كىرگۈزۈپ (چەكسە جىرىڭلايدىغان) قۇرۇق لايدىن يارىتىلغان ئىنسان مېنىڭ سەجدە قىلىشىمغا لايىق ئەمەس' دېدى**''. ئىنساننىڭ توپىدىن، جىننىڭ ئوتتىن يارىتىلغانلىقى (55-سۈرە، 14-، 15-ئايەتلەرگە قاراڭ) ئايەتلەردە كۆپ يەردە تىلغا ئېلىنغان، روشەنكى، جىن ھەرگىز ئىنسان ئەمەس.

دېمەك ''جىن'' دېگەن تېپىش تەس بۇ تېپىشماق ھەمىشە ئاجايىپ-غارايىپ سىرلىق تۇسكە قاپلىنىپ كەلدى. لېكىن نۇرغۇن مۇفەسسىرلەر گەرچە ''جىن''نىڭ قانداق نەرسە ئىكەنلىكىنى پۈتۈنلۈك جەھەتتىن مەخسۇس تەھلىل قىلىپ شەرھلىمىگەن بولسىمۇ، تۈرلۈك سۈرە-ئايەتلەردە يولۇقىدىغان بۇ خىل نامنى ئومۇملاشتۇرۇپ شەرھلىدى، ئاساسەن ئەقلىيلىك تەھلىل ئېلىپ بېرىپ ئۆز كۆز قاراشلىرىنى قويدى.

مەسىلەن، سۈرە «ئەنئام» (6-سۈرە)دە ''جىن'' دېگەن بۇ ئاتالغۇ كەينى-كەينىدىن تىلغا ئېلىنىپ، ئاخىرەت مەنزىرىسى بايان قىلىنغان: ''**ئاللاھ (ئىنسانلارنى، جىنلارنى ھېساب ئۈچۈن )تولۇق يىغىدىغان كۈننى ئەسلىگىن، (بۇ كۈندە ئاللاھ ئېيتىدۇكى):'ئى جىنلار جامائەسى! سىلەر نۇرغۇن ئادەملەرنى ئازدۇردۇڭلار...**''

'''**ئى جىنلار ۋە ئىنسانلار جامائەسى! سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن مېنىڭ ئايەتلىرىمنى بايان قىلىپ بېرىدىغان، بۇ كۈنۈڭلاردىكى ئۇچرىشىشتىن سىلەرنى ئاگاھلاندۇرىدىغان پەيغەمبەرلەر كەلمىدىمۇ؟' ئۇلار:'گۇناھلىرىمىزنى ئېتىراپ قىلدۇق'دەيدۇ**'' (سۈرە «ئەنئام» {6-سۈرە}، 128-، 130-ئايەتلەر).

نەقىل ئېلىنغان بۇ ئايەتلەردە ''جىن'' ئىككى قېتىم تىلغا ئېلىنغان، يېقىنقى ۋە ھازىرقى

www.uyghurkitap.com

دەۋردىكى شەرق ۋە غەربنىڭ يېڭى تەفسىرچىلىرى: بۇ بىر خىل يوشۇرۇن تەمسىل بولۇپ، ئىنسانىنى كۆرسىتىدۇ، دېگەن قاراشقا مايىل. «قۇرئان كەرىم»نى خەنزۇچىغا تەرجىمە قىلغۇچىلار، مەسىلەن، ماجىيەن، شى زىجۇ قاتارلىقلار بۇ قاراشقا قوشۇلغان ۋە ئۇنى نەقىل ئالغان. ئۇلار ئايەت ئاخىرى ئىزاھاتىدا: ''بۇ ئادەتتىكى زالىم باشلىقلارنى كۆرسىتىدىغان سۆز بولۇپ، يوشۇرۇن تەمسىل ئۇسۇلىدۇر'' دەيدۇ. ھەمدە باشقا ئايەتلەردە تىلغا ئېلىنغان ''مۇتەكەببىرلەر'' (14-سۈرە، 21-ئايەت) ياكى ''باشلىقلار، كاتتىلار''(33-سۈرە، 67-ئايەت)نىڭ'' ھەممىسى ھوقۇق-تەسىر كۈچىگە ئىگە، خالىغىنىنى تىزگىنلىيەلەيدىغان شەخسلەرگە قارىتىپ ئېيتىلغان سۆز'' دەپ قارايدۇ. ئۇلار يەنە يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان ئايەتتىكى '' **سىلەرگە ئۆز ئىچىڭلاردىن كەلگەن پەيغەمبەرلەر**...'' دېگەن جۈملىنى ''ئۆز قەۋمىڭلاردىكى پەيغەمبەرلەر...'' دەپ تەرجىمە قىلىپ: بۇ جۈملە''جىن''نى ''ئىنسان''دەپ شەرھلەشنىڭ توغرا ئىكەنلىكىنى ئىسپاتلايدۇ، چۈنكى ''قەدىمدىن تارتىپ ئاللاھنىڭ پەيغەمبىرى ئىنساندىن بولغان، ئۇلارنىڭ ئارىسىدا بىرمۇ جىن(ئاجايىپ زات)يوق، ئۇلار پەيغەمبەرلەر بىلەن قەۋمداش دېيىلگەنىكەن، ئەلۋەتتە ئۇلارمۇ ئىنساندۇر'' دەپ ھېسابلايدۇ. ئۇلارنىڭ بۇ ئايەت ئاخىرى ئىزاھاتى يۈسۈف ئەلىنىڭ ئىنگلىزچە تەرجىمە تەفسىرىدىن ئېلىنغان، ئېلىنغان ئىزاھ، ھەتتا قىلىنغان تەرجىمە سۆزلىرىمۇ تامامەن ئوخشاپ كېتىدۇ.

يېڭىچە قىلىنغان تەفسىرلەردە يەنە بىر مۇنچە ئايەتلەردە يولۇقىدىغان ''جىن''لارمۇ ئىنسانىنى كۆرسىتىدۇ، سالاھىيىتى ئوخشاش بولمىغان كىشىلەرنى كۆرسىتىدۇ، دەپ ھۆكۈم قىلىنغان. مەسىلەن(1):

1) قەدىمقى زاماندا ئۆتكەن سۇلەيمان پەيغەمبەر بىلەن بىللە ئۇزاق ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغان زور كۆلەملىك قوشۇندىكى مۇلازىملار ئىچىدىمۇ''جىن''لاردىن تەركىب تاپقان قوشۇن بار ئىدى، ئۇلاردىن بەستىلىك، قاۋۇل بىر''جىن'' سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ خىزمىتىگە تەييار ئىكەنلىكىنى بىلدۈرگەن(27-سۈرە، 39-ئايەت). سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى ئاجايىباتلىق تۈسكە ئىگە، جىنلار قوشۇنىنىڭ ئۇنىڭ بىلەن بىللە ھەربىي يۈرۈشكە ئاتلانغانلىقى بۇنىڭ بىر مىسالىدۇر. ئەمما يېڭىچە تەفسىر قىلغۇچىلار: '' بۇ ئايەتتە دېيىلگەن جىن ھەرگىز شەيتان تىپىدىكىلەر ئەمەس، ئۇ باشقا تائىپىدىكىلەر (قەۋمدىكىلەر) نى كۆرسىتىدۇ'' دەيدۇ.

2) ئايەتلەردە قىيامەت كۈنى، بەزى جىنلارغا چوقۇنغۇچىلاردىن ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى ئېيتىلغان(34-سۈرە، 40—42-ئايەتلەر). ئەرەب تارىخىدا خاتىرىلىنىشىچە، يېرىم ئارالدىكى بىر مۇنچىلار جىنلارغا چوقۇناتتىكەن. يېڭىچە تەفسىرلەردە، ئىبادەت قىلىنىدىغان بۇ جىنلارمۇ ئىنسانىنى،''باي ئەمما رەھىمسىز كىشىلەر''نى كۆرسىتىدۇ، دەپ قارايدۇ.

3) «قۇرئان كەرىم»نىڭ«ئەھقاف»سۈرىسىدە بىر تۈركۈم جىنلارنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام قىلغان قۇرئان تىلاۋىتىنى جىم تۇرۇپ ئاڭلىغانلىقى ۋە ئۆز تائىپىسىدىكىلەر ئارىسىغا بېرىپ، ئۇلارنى بۇنىڭغا دەۋەت قىلغانلىقى تىلغا ئېلىنغان(46-سۈرە، 29—32-ئايەتلەر). رىۋايەت قىلىنىشىچە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بىر نۆۋەت تايىفتىن قايتىپ كېلىپ سۈرە «تاھا»(20-سۈرە)نى تىلاۋەت قىلغاندا، يەتتە-سەككىز جىن قۇلاق سېلىپ تىڭشاپ، چوڭقۇر تەسىرات ئالغانىكەن، يۇقىرىدىكى ئايەتلەر شۇ ئەھۋالنى كۆرسىتىدىكەن. شۇڭا مۇسۇلمانلار ئارىسىدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ھەم ئىنسانلارنى ھەم جىنلارنى ئىسلامغا دالالەت قىلغان دېگەن قىسسە رىۋايەت قىلىنىپ كەلگەن. ئەمما بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ''جىن'' توغرىسىدا، بەزىلەر يېڭى تەفسىرلەرنى كۆرگەندىن كېيىن، ئۇ''ئېھتىمال يەھۇدىيلارنىڭ مەلۇم بىر قەۋمىنى كۆرسىتىدۇ، چۈنكى ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتتە ئۇلارنىڭ مۇسانىڭ ئۇممىتى ئىكەنلىكى چۈشەندۈرۈلگەن''دەيدۇ.

4) «جىن»سۈرىسىنىڭ باش تەرىپىدىمۇ بىر نەچچە جىننىڭ قۇرئان تىلاۋىتىنى ئاڭلاپ چوڭقۇر تەسىرلەنگەنلىكى، تىڭشاپ بولۇپ ئىمان

ئېيتقانلىقى خېلى كۆپ بايان قىلىنغان(72-سۈرە، 1—19-ئايەتلەر). يېڭىچە تەفسىردىن نەقىل ئالغۇچىلار: ''بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان ''جىن''لار شەيتان تىپىدىكى ئاجايىپ زاتلاردىن بولماستىن، يات قەۋم ياكى يات يۇرتلۇقلارغا قارىتا ئېيتىلغان سۆز''دەپ قارايدۇ ھەمدە ئۇنىڭدا''ناسارالار(ئىسا ئۈممىتى)كۆزدە تۇتۇلغان''دەيدۇ. بۇ سۈرىنىڭ 6-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ''ئىنسانلاردىن بەزى كىشىلەر جىنلاردىن بولغان بەزى كىشىلەرگە سېغىناتتى، شۇنىڭ بىلەن جىنلار تېخىمۇ تەكەببۇرلىشىپ كەتتى''.

ھەم ئىنسان ھەم جىن تىلغا ئېلىنغان بۇ ئايەتلەر توغرىسىدا ، تەرجىمە-تەفسىرچىلەر نەقىل ئالغان يېڭىچە چۈشەندۈرۈشتە: بۇ يەردە تىلغا ئېلىنغان جىن ۋە ئىنسانلار ''يامان ئىش قىلغۇچى باشلىقلارنى ۋە ئۇلارغا قارىغۇلارچە ئەگىشىدىغان ئاجىزلارنى كۆرسىتىدۇ''دېيىلىدۇ.

يىغىپ ئېيتقاندا ئايەتلەرنى تەفسىرلەشتە، ئۇنىڭدىكى ئاجايىپ-غارايىپ سىرلىق پەردىلەرنى ئېلىپ تاشلاپ، ئۇلار ئۈستىدە ئەقلىيلىك تەپەككۇر بىلەن ئىزدىنىشكە ۋە مۇلاھىزە يۈرگۈزۈشكە تىرىشىش بۇ يېڭىچە تەفسىرلەرنىڭ ئالاھىدىلىكىدۇر.

(2-مىسال) بەزى ئاجايىپ-غارايىپ ۋەقەلىكلەر، جۈملىدىن تارىختا ئۆتكەن پەيغەمبەرلەر نامايان قىلغان مۆجىزىلەر قىسسە سىياقىدا سۈرەتلەنمەستىن، سالماق ھالەتتە ئەقلىي تەھلىل قىلىنغان.مەسىلەن:

1) مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ قىسسىلىرى ھەققىدە، ئۇنىڭ مىسىر ھۆكۈمرانى پىرئەۋننىڭ سېھرىگەرلىكى بىلەن سېھىرلاشقانلىقى، ئېلىشقانلىقى كۆپ قېتىم تىلغا ئېلىنغان. مۇسا ئەلەيھىسسالام ھاسىسىنى تاشلىغان ھامان ھاسا ئەجدىھاغا ئايلىنىپ، سېھرىگەرلەر سېھىرلەپ چىقارغان يىلانلارنىڭ ھەممىسىنى يۇتۇۋەتكەن. شۇنداقلا، مۇسا ئەلەيھىسسالام قولىنى (يېڭدىن) چىقىرىشى بىلەن چاقناپ تۇرىدىغان نۇر ھاسىل بولغان(7-سۈرە، 107—108-ئايەتلەر). بۇ ئىككى مۆجىزە توغرىسىدا تەرجىمە-تەفسىرچىلەر يېڭىچە تەفسىرلەرگە ئاساسەن:

ھاسا مۇسا ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۈممىتىگە ۋەكىللىك قىلىدۇ، ئۇ پائالىيەتچان ۋە جۇشقۇن بولۇپ، بارلىق خىيالىي نەرسىلەرنى يۇتۇۋېتەلەيدۇ؛ قولىنى چىقىرىش بىلەن نۇرنىڭ ھاسىل بولۇشى مۇسا ئەلەيھىسسالام ئېلىكىدىكى ھېكمەتنىڭ ساپ-پاك ئىكەنلىكىگە تەمسىل قىلىنغان، دەيدۇ.

يەنە مەسىلەن، مۇسا ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل قەۋمىنى باشلاپ، مىسىردىن چىقىپ پەلەستىنگە يۈرۈش قىلىپ سىنا چۆلىدىن ئۆتكەندە، ئىچىدىغان سۇ قىيىنچىلىقىنى ھەل قىلىش ئۈچۈن ھاسىسى بىلەن تاشنى ئۇرغاندا، 12 بۇلاق ئېتىلىپ چىقىپ، 12 قوشۇننىڭ سۇ ئىچىش مەسىلىسى ھەل قىلىنغانلىقى تەسۋىرلىنىدۇ (2-سۈرە، 60-ئايەت). بەزىلەر: بۇ يەردىكى ھاسا قۇدۇق تېشىدىغان جابدۇقنى كۆرسىتىدۇ؛ تاشنى ئۇرۇش تاغقا چىقىشنى كۆرسىتىدۇ؛ ھاسىنى كۆتۈرۈش ئاممىغا باشلامچىلىق قىلىشنى، ئاممىغا قوماندانلىق قىلىشنى ئىپادىلەيدۇ، دەپ چۈشەندۈرىدۇ.

ۋە يەنە مەسىلەن، ئايەتلەردە: ئۆلتۈرۈلگەن بىر كىشىنىڭ جەسىتىنى ئۇرۇش ئۇسۇلى بىلەن تىرىلدۈرۈلگەنلىكى ھەققىدىكى رىۋايەت سۆزلىنىدۇ( 2-سۈرە، 72-، 73-ئايەتلەر). بەزىلەر بۇ خىل ئۇسۇلنى '' ھازىرقى چاغدىكى سۈنئىي نەپەسلەندۈرۈش ئۇسۇلىغا ئوخشاپ كېتىدۇ، يالغان ئۆلگۈچىنىڭ بىر ئەزايىنى ھەرىكەتلەندۈرگەندە ئۇ تىرىلىپ قالىدۇ'' دەپ قارايدۇ.

2) ئىسا ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى قىسسىلەردە ئۇنىڭ نۇرغۇن مۆجىزىلىرى بايان قىلىنغان، مەسىلەن، سۈرە«ئال ئىمران»(3-سۈرە)نىڭ 49-ئايىتىدە مۇنداق دېيىلگەن: ''**ئۇنى بەنى ئىسرائىلغا پەيغەمبەر قىلىپ ئەۋەتىدۇ.(ئۇ دەيدۇ):'شۈبھىسىزكى، سىلەرگە مەن رەببىڭلار تەرىپىدىن بولغان ( پەيغەمبەرلىكىمنىڭ راستلىقىنى كۆرسىتىدىغان) بىر مۆجىزە ئېلىپ كەلدىم ، مەن سىلەرگە لايدىن قۇشنىڭ شەكلىدەك بىر نەرسە ياسايمەن، ئاندىن ئۇنىڭغا پۈۋلەيمەن-دە، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن، ئۇ قۇش بولىدۇ. تۇغما كورنى، بەرەس كېسەللىكىنى ساقايتىمەن، ئاللاھنىڭ ئىزنى بىلەن ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرىمەن، سىلەر يەيدىغان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**ۋە ئۆيۈكلەردە ساقلايدىغان يېمەكلىكلەردىن خەۋەر بېرىمەن ( يەنى سىلەرنىڭ يوشۇرۇن ئەھۋاللىرىڭلارنى ئېيتىپ بېرەلەيمەن). شۈبھىسىزكى، ئەگەر سىلەر ئاللاھنىڭ مۆجىزىلىرىگە ئىشەنگۈچى بولساڭلار، بۇنىڭدا ( يەنى مەن كەلتۈرگەن مۆجىزىلەردە) سىلەر ئۈچۈن ئەلۋەتتە (مېنىڭ راستلىقىمنى كۆرسىتىدىغان روشەن) ئالامەت بار''.**

ئۇنىڭدىن باشقا سۈرە «مائىدە»(5-سۈرە)نىڭ 10-ئايىتىدىمۇ يۇقىرىقىغا ئوخشاپ كېتىدىغان مەزمۇن بار بولۇپ، ناھايىتى ئاجايىبات تۇيۇلىدۇ. ئايەتلەرنى ئەقلىيلىك تەرزدە يېشىپ چۈشەندۈرگۈچىلەر مۇنداق دەيدۇ: ''بۇ ئايەت ئەگەر مۆجىزە ھالىتىدە سۆزلەنسە ئەلۋەتتە ساماۋى چۆچەك بولىدۇ، ئەمما ئايەتنىڭ ئەسلى مەنىسى چىقماي قالىدۇ. بىز بۇ ئايەتنىڭ تامامەن تەمسىل ئىكەنلىكىنى بىلىشىمىز كېرەك. قۇشنىڭ ھاسىل قىلىنغانلىقىنى ئېيتساق، ئىسا بىر پەيغەمبەر، ئۇنىڭ ئادەتتىكى باللاردەك لايدىن بىر ئويۇنچۇق ياساپ، ئاندىن سېھىرگەر ئادەملەردەك ئۇنى پۈۋلەپ قۇشقا ئايلاندۇرۇشى ھاجەتسىز. لېكىن قۇش باشقا جانلاردىن پەرقلىق ھالدا، ئەرشكە تۇيۇقسىز چىقالايدىغان جاندار بولغاچقا، بۇ تەمسىلدە قۇش دېيىلگەن...''، يەنە مۇنداق دەيدۇ: ''ئىسانىڭ كېسەل ساقايتقانلىقىنى دېسەك، ناسارالار(خىرىستىيانلار) بۇنى جىسمانىي جەھەتتىن كېسەل ساقايتىش ئەمەس بەلكى روھىي جەھەتتىن كېسەل ساقايتىش دەپ ئېتىراپ قىلىدۇ...''ئۇلار بۇنى «مەتتە ئىنجىل»دىن مىسال ئېلىپ دەلىللەيدۇ، ئۇنىڭدىكى بىر ئايەتتە(9-سۈرە، 12-ئايەتتە): ''ساغلام ئادەمگە تېۋىپ ھاجەت ئەمەس، كېسەل بولغانلارلا ئۇنىڭغا مۇھتاج ''دېيىلگەن. يەنە بىر ئايەتتە(13-سۈرە، 15-ئايەتتە): '' بۇ جامائەنىڭ قەلبى پەردىلىك، قۇلىقى گاس، كۆزى يۇمۇق بولغاچقا، ئۇلارنى كۆزى كۆرىدىغان، قۇلىقى ئاڭلايدىغان، قەلبى چۈشىنىدىغان بولۇپ ئەسلىگە يانسۇن دەپ ئۇلارنىڭ كېسىلىنى ساقايتتىم'' دېيىلگەن. تەفسىر قىلغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، «قۇرئان كەرىم»دە ئېيتىلغان كېسەل ساقايتىش روھىي جەھەتتە داۋالاشقا تەمسىل قىلىنغان. شۇڭا ئايەتتە دېيىلگەن كېسەلمۇ پەقەت بىلىمى كەمچىل، روھىي چۈشكۈن بولۇشتەك نادانلىق ھالەتلىرىگە تەمسىل قىلىنغان؛ ئۇنىڭدا ئېيتىلغان ''ئۆلۈكنى تىرىلدۈرۈش'' پەقەت روھىي جەھەتتىن داۋالانغاندىن كېيىن بىردىنلا ئويغۇنۇپ، خۇددى ئۆلۈك تىرىلىپ قالغاندەك بولۇشقا تەمسىل قىلىنغان؛''يەيدىغان ۋە ئۆيدە ساقلايدىغان يېمەكلىكلەر''دېگىنى پەقەت روھىي بايلىققا ۋە سالامەتلىككە پايدىلىق ئوزۇقلۇقلارغا تەمسىل قىلىنغان.

تەفسىرچىلەرنىڭ يۇقىرىقى ئايەتلەرنى شەرھلەشلىرىنى يىغىنچاقلىغاندا، ئۇلار ئىلگىرىكى ئەنئەنىۋى چۈشىنىشنى، يەنى ئىسا پەيغەمبەرنىڭ مۆجىزە نامايان قىلغانلىقى( بۇ ھازىرقى كۈندىكى ''ئالاھىدە كارامەت''دېگەن ئاتالغۇغا يېقىن كېلىدۇ) دىكى سىرلىق تۈسنى سۇسلاشتۇرۇپ، باشقىدىن ئەقلىي مۇھاكىمە ئېلىپ بارغان.

3) ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ھەققىدىكى قىسسە جەھەتتە، ئايەتتە چۈشىنىش تەس ۋە سىرلىق بىر ئابزاس سۆزلۈشۈش بار بولۇپ، بۇنى مۇفەسسىرلەرنىڭ شەرھلىشىمۇ بىر-بىرىگە ئوخشاش ئەمەس: ''**ئۆز ۋاقتىدا ئىبراھىم: 'پەرۋەردىگارىم، ئۆلۈكلەرنى قانداق تىرىلدۈرىدىغانلىقىڭنى ماڭا كۆرسەتكىن' دېدى. ئاللاھ' (ئۆلۈكلەرنى تىرىلدۈرەلەيدىغانلىقىمغا) ئىشەنمىدىڭمۇ؟ دېدى. ئىبراھىم:' ئىشەندىم، لېكىن كۆڭلۈم(تېخىمۇ) قارار تاپسۇن ئۈچۈن( كۆرۈشنى تىلەيمەن) دېدى. ئاللاھ ئېيتتى:'قۇشتىن تۆتنى ئالغىن، ئۇلارنى ئۆزەڭگە توپلىغىن ( يەنى ئۇلارنى پارچىلاپ گۆشلىرى بىلەن پەيلىرىنى ئارىلاشتۇرغىن)، ئاندىن ھەر بىر تاغقا ئۇلاردىن بىر بۆلۈكىنى قويغىن، ئاندىن ئۇلارنى چاقىرغىن، سېنىڭ ئالدىڭغا ئۇلار چاپسان كېلىدۇ. بىلگىنكى ئاللاھ غالىپتۇر، ھېكمەت بىلەن ئىش قىلغۇچىدۇر،** ''(سۈرە «بەقەرە» {2-سۈرە}، 260-ئايەت).

بۇ ئايەتنىڭ مەزمۇنىنى پەيغەمبەرلەرنىڭ مۆجىزىسى سۈپىتىدە بايان قىلىشقا مايىل ئەنئەنىۋىي چۈشەندۈرۈشلەردىن بىرى شۇكى، تۆت قۇشنى بىر مۇنچىگە پارچىلاپ، ئاندىن ئۇلارنى تاغلارغا ئايرىم-ئايرىم قويۇپ، يۇقىرى ئاۋازدا

چاقىرغان ھامان، پارچە-پارچە قىلىۋېتىلگەن قۇشلار خۇددى ئەسلىدىكى تىرىك ھالىتىدىكىدەك كەينى-كەينىدىن ئۇچۇپ كېلىدۇ. موشۇ مۆجىزە ئۆلگۈچىلەرنىڭ تامامەن قايتا تىرىلىدىغانلىقىنى ئىسپاتلايدۇ. قىيامەت قايىم بولغاندا، بۇرغا (كارناي) چېلىنىش ھامان، ئۆلۈپ كەتكەن كىشىلەرنىڭ ھەممىسى تەرەپ-تەرەپتىن تىرىلىپ دەرھال جەم بولۇشىدۇ.

ئەمما ئەقلىي چۈشەندۈرگۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، ئايەتتە ھەر بىر قۇشنى نەچچىگە پارچىلاپ ئاندىن ئايرىم-ئايرىم تاغلار ئۈستىگە قويۇش ئېيتىلمىغان، ئەگەر بۇنى سىناق قىلساق، بىرلا قۇش يېتەرلىك، تۆت قۇشنىڭ نېمە ھاجىتى؟ بۇ ئايەتنىڭ مەنىسى پەقەت شۇكى: '' ئىنسان قۇشنىڭ ياراتقۇچىسى ئەمەس، قۇشمۇ ئىنسانغا تايىنىپ ياشىمايدۇ، لېكىن ئىنسان ئۇنى بېقىپ كۆندۈرسە، ئۇ ئىنساننىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان بولىدۇ. ئاللاھ ئىنساننىڭ ياراتقۇچىسى، يەنە كېلىپ ئىنسان ئاللاھدىن ئايرىلسا ياشىيالمايدۇ، شۇڭا ئاللاھ ھايات-ماماتنى ئىلكىدە تۇتقۇچى دېيىش چىن ھەقىقەت ئەمەسمۇ؟ ئاللاھ ئۇچۇن ئېيتقاندا، جىمى شەيئىنى تىرىلدۇرۇش قانچىلىك قىيىن ئىش ئىدى؟''(شى زىجۇ: «قۇرئان كەرىم» نىڭ دۆلەت تىلىدىكى تەرجىمىسى ۋە تەفسىرى»، 214-ئىزاھات)

فەخرىددىن رازىنىڭ تەفسىر قىلىشىچە، بۇ تۆت خىل قۇشنىڭ ھەر بىرىنىڭ ياخشى ئەمەس ئادەتلىرى بولۇپ، ئىبراھىم ئەلەيھىسسالام ئاللاھنىڭ ۋەھىيسىگە ئاساسەن ئۇلارنى بېقىپ كۆندۈرۈپ، بۇيرۇقىغا بويسۇنىدىغان، چاقىرسا كېلىدىغان، بۇيرۇسا كېتىدىغان قىلغان. بۇ قۇشلار: ئاچكۆز قۇماي، ئىشقىۋاز خوراز، ياسانچۇق توز، ئېرىنچەك قاغىدىن ئىبارەت. بۇ ياخشى بېقىپ كۆندۈرۈلسىلا ئۇلارنى بۇيرۇقىنى ئاڭلايدىغان قىلغىلى بولىدىغانلىقىنى چۈشەندۈرۈپ بېرىدۇ. ئىنسان قۇشنى كۆندۈرەلىگەن يەردە، ئاللاھ تائالا ئەلۋەتتە جىمى مەۋجۇداتلارنى تامامەن تىزگىنلىيەلەيدۇ ۋە باشقۇرالايدۇ، جۈملىدىن ئىنساننىڭ تۇغۇلۇشى، ئۆلۈشى، قايتا تىرىلىشىنى شۇنداق قىلالايدىغانلىقىغىمۇ قىل سىغمايدۇ.

<4> سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قىسسىلىرى ھەققىدە، سۈرە «نەمل»(27-سۈرە)دە ئاجايىبات تۈسىدىكى بىر مۆنچە ۋەقەلىكلەر خاتىرىلەنگەن. سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام پادىشاھ داۋۇد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئوغلى ۋە پادىشاھلىق تەختى ۋارىسى بولۇپ، كامالەتلىك ئەقىل-پاراسەت، قابىلىيەت ۋە ئالاھىدە ئىقتىدارغا ئىگە ئىدى. مەسىلەن، ئۇ قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى، قۇشلارنى كۆندۈرەلەيتتى(27-سۈرە، 16-ئايەت)، شۇنداقلا ھۆپۈپ ئۇنىڭغا رازۋېتكا قىلىپ، خەۋەر يەتكۈزۈپ بېرەتتى(27-سۈرە،20—28-ئايەتلەر)؛ ئۇ باشلاپ ماڭغان قوشۇن ناھايىتى ھەيۋەتلىك بولۇپ، جىن، ئىنسان ۋە قۇشلاردىن تەركىب تاپقانىدى(27-سۈرە، 17-ئايەت)؛ ئۇ قۇشلاردىن تەركىب تاپقان قوشۇننى كۆزدىن كەچۈرگەندە، قوشۇندا يوقلارنى چۈشەرلىك بىلەن سېزىۋالاتتى (27-سۈرە،20- ئايەت)؛ كۈچلۈك، قاۋۇل جىنلار(27-سۈرە، 39-ئايەت) ۋە كىتابنى چوڭقۇر بىلىدىغان زاتلار(27-سۈرە، 40-ئايەت) نىڭ ھەممىسى بەس-بەس بىلەن ئۇنىڭ خىزمىتىدە بولۇشقا تەييار ئىدى؛ ئۇنىڭ قوشۇنى دەبدەبە بىلەن يۈرۈش قىلىپ چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، ئۇ ئانا چۈمۈلىنىڭ چۈمۈلىلەر جامائەسىگە سۆز قىلىپ، ئۇلارنى سۇلەيمان قوشۇنىنىڭ ئۇلارنى يەنچىۋېتىشىدىن ساق قېلىش ئۈچۈن دەرھال ئۇۋۇلىرىغا كىرىپ كېتىشكە چاقىرغان (27-سۈرە، 18-ئايەت)؛دەل ھۆپۈپ رازۋېتكا قىلىپ يەتكۈزگەن ئاخبارات بولغانلىقى ئۈچۈن، ئاخىر ئۇ ھوقۇق — ئورنى ناھايىتى زور، ئالتۇن-كۈمۈش خەزىنىسى مول بىر ئايال پادىشاھنى بويسۇندۇرغان(27-سۈرە، 28—44-ئايەتلەر).

بۇ قىسسىدىكى ۋەقەلىكلەر ئەگرى-توقاي، مۇرەككەپ، ئۇبرازلىق، جانلىق سۈرەتلەنگەن بولۇپ، كىشىنى زوقلاندۇرىدۇ. ئىمام-ئاخۇنلار بۇ قىسسىنى ۋەز-تەبلىغ قىلغاندا سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيۋەتلىك جاسارىتى، قوشۇنىنىڭ قويۇندەك تېز ۋە جۇشقۇن، روھلۇق يۈرۈش قىلغانلىقى، ئۇنىڭغان جىنلار مۇھاپىزەتچى بولۇپ، تۇمەنلىگەن قۇشلارنىڭ سايە چۈشۈرۈپ ماڭغانلىقى، ئۇنىڭ ئادەملىرى بىلەن

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى

ئاتلىرىنىڭ بىر-بىرىگە ھىمايە بولۇپ يۈرۈش قىلغانلىقى، ئۇنىڭ قۇرت-قۇشلارنىڭ تىلىغا ئۇستا ئىكەنلىكى، مۇئەككەل- شاياتۇنلارنىمۇ ئىشقا سالالايدىغانلىقى، يېڭىلمەس باھادىر ئىكەنلىكى؛ پادىشاھ سۈپىتىدە ئادىل ۋە توغرا بولۇپ، ئىشلارغا چىۋەرلىك بىلەن ھۆكۈم قىلىپ خەلق-ئالەمنى رازى قىلغانلىقى؛ پەيغەمبەر سۈپىتىدە ياخشى ئىشلارغا دەۋەت قىلىپ، يامان ئىشلارنى توسۇش بىلەن بۇ جەھەتتە ئۆزى ئۈلگە بولۇپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن چوڭقۇر ھىمايىگە ئىگە بولغانلىقى...؛ قىسسىدە چۈمۈلىلەر پادىشاسىنىڭ چۈمۈلە جامائەسىگە بۇيرۇق چۈشۈرگەنلىكى؛ يىراقتا بىرىپ مەخپىيەتلىكنى ئۇقۇپ كەلگەن ئەمما ئۆز ئورنىدىن كېتىپ قالمىغان قۇشنىڭ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام بىلەن سۆزلەشكەنلىكى، پۈتۈن ۋۇجۇدى بىلەن سادىقلىق قىلغۇچى جىنلارنىڭ جەڭ ۋەزىپىسى تەلەپ قىلغانلىقى قاتارلىقلارنى بايان قىلىپ سۆلەيدۇ. پەقەت«قۇرئان كەرىم»نىڭ ئۆزىدىكى مۇناسىۋەتلىك سۈرە-ئايەتلەرنى ئوقۇغاندىمۇ كىشىگە قىزىقارلىق بېغىشلايدۇ.

لېكىن ھازىرقى زامان مۇفەسسىرلىرى موشۇ خىلدىكى قىسسىلەرنىڭ ۋەقەلىكلىرىنى بىر-بىرلەپ ئەقلىيلىك تەھلىل قىلغان. مەسىلەن، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قوماندانلىق قىلغان قوشۇن توغرىسىدا، ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەندى: ’’**سۇلايماننىڭ جىنلاردىن، ئىنسانلاردىن ۋە قۇشلاردىن بولغان قوشۇنلىرى توپلاندى (سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام ئۇلارنىڭ ئالدىدا دەبدەبە بىلەن ماڭاتتى)، ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان ئىدى**‘‘(سۈرە«نەمل»{27-سۈرە}، 17-ئايەت).

تەفسىر نەقىلچىلىرى بۇنى مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ: ’’سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ قوشۇنى جىنلار، ئىنسانلار ۋە قۇشلاردىن ئىبارەت ئۈچ قىسىمغا بۆلۈنگەن. بۇ يەردىكى ’جىن‘ يات قەۋملەرگە، يەنى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام تەرىپىدىن بويسۇندۇرۇلغانلارغا قارىتىلغان؛ ’قۇش‘ بولسا خەۋەر يەتكۈزگۈچى كەپتەرلەرگە قارىتىلغان؛’ئۇلار تەرتىپلىك ئورۇنلاشتۇرۇلغان‘ دېيىلگىنىدىن مەلۇمكى، بۇ يەردىكى جىنلارمۇ كۆرگىلى بولمايدىغان شەيتانلار ئەمەس بەلكى ئىنسانلارغا تەۋەدۇر‘‘.

سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام قۇشلارنىڭ تىلىنى بىلەتتى، دېگەن جۈملىنىمۇ ئۇلار مۇنداق چۈشەندۈرىدۇ.’’ بۇ سۇلەيمان ئەلەيھىسسالام راستىنلا قۇشلارنىڭ دېگەن گېپىنى چۈشىنىدۇ دېگەنلىك ئەمەس، بەلكى قۇشلاردىن پايدىلىنىپ خەۋەر يەتكۈزۈشنى كۆرسىتىدۇ. ھالبۇكى، يىراققا بىرىپ رازۋېتكا قىلىپ، ئەھۋالنى بايقاپ، دەرھال قايتىپ كېلىپ مەلۇم قىلغان ھۆپۈپ بولسا، سەبە ( يەمەندىكى سەبە شەھىرى)نىڭ ئايال پادىشاھىنىڭ ئەل بولۇپ ئىمان ئېيتىشىدا ھەل قىلغۇچ رول ئوينىغان، چۈنكى ئۇ خەۋەر-مەلۇمات يەتكۈزۈپلا قالماستىن بەلكى خەت-ئالاقىلارنى توشۇپ قاتناپ تۇرغان‘‘. لېكىن يېڭى تەفسىرچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ئەمەلىيەتتە بىر قۇش ئەمەس بەلكى بىر ئادەم، پەقەت ئۇنىڭ ئىسمىغا ’ھۇدھۇد‘(ھۆپۈپ) دېگەن قۇشنىڭ ئىسمى قوللىنىلغان بولغاچقا، ئۇ بىر قۇش دەپ خاتا چۈشىنىلگەن. ئايەتتە ئەسلىدە مۇنداق دېيىلگەن: ’’ **ئۇ قۇشلارنى كۆزدىن كەچۈرگەندىن كېيىن ئېيتتى: ’ ماڭا نېمە بولدى؟ ھۇدھۇد(ھۆپۈپ) نى كۆرمەيمەنغۇ؟ يا ئۇ يوقاپ كەتتىمۇ؟ ئۇنى چوقۇم قاتتىق جازالايمەن، يا ئۇنى چوقۇم بوغۇزلايمەن، يا چوقۇم (يوقاپ كەتكەنلىكىنى ئاقلايدىغان) بىر روشەن دەلىل كەلتۈرىدۇ**‘‘ (سۈرە«نەمل» {27-سۈرە}، 20-21-ئايەتلەر).

ئىزاھلىغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، ناۋادا ھۇدھۇد پەقەت بىر كىچىك قۇش بولسا، سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامدەك سالاھىيەت ئىگىسىنىڭ ئۇنچىۋالا ئوغىسى قايناپ كىچىككىنە قۇشنى قاتتىق جازالىماقچى، ھەتتا بوغۇزلىۋەتمەكچى بولۇشىنىڭ نېمە ھاجىتى؟

شۇنداقلا چۈمۈلىلەر ھەققىدىكى ۋەقەلىك توغرىسىدا، ئايەتتە مۇنداق دېيىلگەن:’’ **ئۇلار (شامدىكى بىر ) چۈمۈلىلەر ۋادىسىغا يېتىپ كەلگەندە، بىر چۈمۈلە ئېيتتى:’ئى چۈمۈلىلەر! ئۇۋىلىرىڭلارغا كىرىپ كېتىڭلار، سۇلەيمان ۋە ئۇنىڭ قوشۇنى ئۇقماستىن سىلەرنى يەنچىۋەتمىسۇن**‘ ‘‘( سۈرە«نەمل»{27-سۈرە}،18-ئايەت).

تەفسىرلىگۈچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ راستلا چۈمۈلىلەرنى كۆرسەتمەيدۇ. چۈمۈلىلەر ۋادىسى

دېگىنى بىر يەرنىڭ نامى، بۇ يەردىكى ''چۇمۇلە'' ئەرەبچىدە ''نەمل'' بولۇپ، نەمل(چۇمۇلە)نامى بىلەن ناملانغان بىر مىللەت ياكى قەبىلىنى كۆرسىتىدۇ، ئۇلارنىڭ باشلىقى سۇلەيمان ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەيۋەت قوشۇنىنىڭ ئۇلارنىڭ چېگرىسىدىن ئۆتكەندە، ئۇقماستىن ئۇلارغا زەخمە يەتكۈزۈپ قويۇشىدىن ئەنسىرەپ، قەۋمىدىكىلەرنى يوشۇرۇنۇۋېلىپ بىخەتەر قېلىشقا دەۋەت قىلغان.

<5> مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ مىئراج سەپىرى ھەققىدىكى قىسسە توغرىسىدا: رىۋايەت قىلىنىشىچە، مىلادى 621-يىلى، يەنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام 52 ياشقا كىرگەن يىلى ھىجرىيە 7-ئاينىڭ 27-كۈنى كېچىدە، جەبرائىل پەرىشتىنىڭ ھەمراھلىقىدا بۇراق دۇلدۇلغا مىنىپ، مەككە مۇكەررەمەدىن قۇددۇس شەرىفكە (ئېرۇسالىمغا) بارغان، ئۇ يەردىن ئەرشكە چىقىپ، ئاسماندا ساياھەتتە بولۇپ، بەزى قەدىمقى زامان پەيغەمبەرلىرى بىلەن كۆرۈشكەن، خىلمۇ خىل ئەھۋاللارنى كۆرگەن، سۈبھى ۋاقتىدا مەككە مۇكەررەمەگە قايتىپ كەلگەن. ئىسلام دىنى ھېيت-ئايەملىرى ئىچىدىكى ''مىئراج ھېيتى'' دەل موشۇ رىۋايەتنى خاتىرىلەش بايرىمىدۇر. بۇ قىسسە توغرىسىدا «قۇرئان كەرىم» دە مۇنداق دېيىلگەن: '' **ئاللاھ (بارچە نۇقسانلاردىن) پاكتۇر، ئۇ (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا) قۇدرىتىمىزنىڭ دەلىللىرىنى كۆرسىتىش ئۈچۈن، بەندىسىنى (يەنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى) بىر كېچىدە مەسچىدى ھەرامدىن ئەتراپىنى بەرىكەتلىك قىلغان مەسچىدى ئەقساغا ئېلىپ كەلدى. ھەقىقەتەن ئاللاھ ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرغۇچىدۇر، ھەممىنى كۆرۈپ تۇرغۇچىدۇر**''.

''**...ئۆز ۋاقتىدا بىز ساڭا پەرۋەردىگارىڭنىڭ ھەقىقەتەن كىشىلەرنىڭ (ئەھۋالى)نى تولۇق بىلىدىغانلىقىنى ئېيتتۇق، بىز ساڭا (مىئراج كېچىسى ئاسمان-زېمىندىكى ئاجايىپلاردىن) كۆرسەتكەن كۆرۈنۈشنى..... پەقەت كىشىلەر ئۈچۈن سىناق قىلدۇق**'' (سۈرە «بەنى ئىسرائىل<ئىسرا>» {17-سۈرە}، 1-، 60-ئايەتلەر).

بۇ «ئىسرا» سۈرىسىنىڭ باش قىسمىدىكى ۋە ئوتتۇرىسىدىكى ئىككى ئايەت. بۇ قېتىمقى مىئراج كېچىسى ھەققىدە جانلىق، كونكرېت تەسەۋۋۇر قىلىپ يېزىلغان رىۋايەتلەر ناھايىتى كۆپ، پەرقلىق مۇھاكىمىلەرمۇ نۇرغۇن. مىسىرلىق ئالىم مۇھەممەد ھۈسەيىن ھەيكەل (1888—1956)نىڭ «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەرجىمىھالى» دېگەن ئەسىرىنىڭ 8-بابىدا ھەر خىل ماتېرىيال ۋە كۆز قاراشلارنى نەقىل ئېلىپ ئومۇملاشتۇرۇپ بايان قىلغان، مەسىلەن، شەرق ئالىمى دىرمەنجىم كۆپ خىل تارىخىي كىتابلاردىكى بايانلاردىن پايدىلىنىپ يېزىپ چىققان قىسسەدىكى ۋە ئىبنى ھەشەم قايتىدىن بايان قىلىپ، رەتلەپ چىققان قىسسەدىكى ئاساسەن ئوخشاپ كېتىدىغان، يېقىن كېلىدىغان ياكى ئوخشاشلىق ئىچىدە پەرق بولغان، ئانچە-مۇنچە پەرقلىنىدىغان بايانلار، ئوخشاپ كېتىدىغان ياكى قارىمۇ قارشى كۆز قاراشلارنىڭ ھەممىسىنى مۇھەممەد ھۈسەيىن ھەيكەل سېلىشتۇرۇپ چىقىپ ۋە نەقىل قىلىپ پايدىلىنىشقا سۇنغان.

بۇنى چۈشىنىش ۋە تەفسىرلەشتىكى ئەڭ ھالقىلىق مەسىلە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ بۇ قېتىمقى كېچىلىك مىئراج سەپىرى ئۇنىڭ روھىنىڭ چۈشىدە قىلغان سەپىرىمۇ ياكى زاتىنىڭ ئەمەلىي سەپىرىمۇ؟ دېگەن مەسىلە بولۇپ، بۇ ئىككى خىل قاراشنىڭ ھەر ئىككىلىسى مەۋجۇت.

يېڭى چۈشەنچىدىكىلەر مۇنداق دەپ كۆرسىتىدۇ: پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ مىئراجغا چىققىنى ئۇنىڭ زاتىمۇ ياكى روھىمۇ؟ دېگەن مەسىلىدە مۇھاكىمىچىلەرنىڭ پىكرى ئەزەلدىن بىرلىككە كەلگەن ئەمەس، ھالبۇكى، مىئراجنىڭ تەپسىلاتى، ئاسمانلاردا ساياھەت قىلىنغانلىقى پەقەت بىر رىۋايەت بولۇپ، «قۇرئان كەرىم» دە بۇ ھەقتە ئېنىق ئايەت يوق، ئۇنىڭ ئۈستىگە 60-ئايەتتە ''كۆرسەتكەن كۆرۈنۈش'' دېيىلگەن، بۇ ئۇنىڭ زاتى (جىسمى) مىئراجغا چىققان ئەمەس ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام مىئراجغا چىققان دېگەن سۆز '' ئۇنىڭ مۇۋاپپەقىيەتلىرىنىڭ ئەۋزەللىكى ۋە ئىسلام دىنىنىڭ روناق تاپقانلىقىنىڭ ئۇلۇغلۇقى''نى كۆرسىتىدۇ. مەسچىدى ھەرەم (مەككە مۇكەررەمە) دىن قۇددۇس شەرىف (ئېرۇسالىم) گە بارغانلىقى ''مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئىسرائىل پەيغەمبىرلىرىنىڭ

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئۇلۇغۋار ئىشلىرى ۋە سائادىتىگە ۋارىسلىق قىلدى، دېگەن مەنىدە''. ''كۆرسىتىلگەن كۆرۈنۈش''(ئەرەبچە ئەسلى ''الـرؤيا'' يەنى ''رۇئيا'' دېگەن سۆز) دېيىلگەن ئىكەن، ئۇ زاتى (جىسمى) نىڭ مىئراجغا چىقىشى ئەمەس. ئۇ ھەقىقەتەن نۇرغۇن كۆرۈنۈشلەرنى كۆرگەن، ئەمما كۆزى بىلەن كۆرگەن ئەمەس''.

يېڭىچە تەفسىردە يەنە ۋەقەنىڭ ئارقا كۆرۈنۈشى تەھلىل قىلىنغان ۋە مۇنداق دەپ قارالغان: ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامغا كۆرۈنۈشلەرنى كۆرسىتىشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، '' ئۇ چاغدا پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئىستىقبالى تۇتۇق، ئازاب-ئوقۇبەتلىك ئەھۋالدا قالغانلىقى ئۈچۈن، ئاللاھ تائالا مۇشۇنداق غايىۋى كۆرۈنۈشنى كۆرسىتىپ، ئۇنىڭغا ئىسلامىيەتنىڭ كەلگۈسىنى ئۇقتۇرغان...''، '' بۇ پەقەتلا ئىسلامىيەتنىڭ جەزمەن غەلىبە قىلىدىغانلىقى ئېيتىلغان بىر خىل بىشارەتتىنلا ئىبارەت''.

دېمەككى، ئاجايىپ قىسسىلەرنى چۈشىنىش جەھەتتە، بىر تەرەپتىن ئۆتكەن مۇفەسسىرلەرنىڭ ئەنئەنىۋى شەرھلەشلىرى بويىچە ئۇنى نوقۇل دىنىي نۇقتىدىن ئەسلى ئايەتنىڭ مەنىسىنى قوغداش مەقسىدە تۇرۇپ ئىزاھلاش ۋە مۇبالىغىلاشتۇرۇش ئارقىلىق، ئۇ تېخىمۇ ئاجايىبات تۈسىگە ئىگە قىلىنغان؛ يەنە بىر تەرەپتىن ھازىرقى زامان تەفسىرلىرىدىكى كۆز قاراشلار قوبۇل قىلىنىپ، ئۇنىڭدىكى ئاجايىبات ئامىللىرى گەۋدىلىك ھالدا چىقىرىپ تاشلىنىپ، نوقۇل ئەقلىي جەھەتتىن تەھلىل قىلىنغان.

<3>مەسىلىلەر بىلەن تارىخىي رېئاللىق ئالاقىلاشتۇرۇلۇش: كىشىلەرنى قىزىقتۇرىدىغان قىسسىلەرنى ئەمەلىيەتتە قاراتمىلىقى بار مەسىل دەپ شەرھلەش.

مەسىلەن: سۈرە «كەھف» (18-سۈرە) نىڭ 9—26-ئايەتلىرىدە مۇنداق بايان قىلىنغان: بىر قانچە (ئۈچ، بەش ياكى يەتتە) يىگىت ''تەۋھىد'' ئىمانىدا چىڭ تۇرغانلىقى ئۈچۈن زىيانكەشلىككە ئۇچرىغاچقا، بىر ئىت بىلەن بىللە تاغ ئىچىدىكى بىر غارنى پاناھگاھ قىلىپ، ئۇ يەردە بىر ئۇخلىغانچە 300 يىلدىن ئارتۇق ئۇخلىغان. ئويغانغاندىن كېيىن غاردا پەقەت يېرىم كۈن ياكى بىر كۈن تۇرغاندەكلا ھېس قىلغان، ئەمەلىيەتتە بۇ چاغدا جاھان پۈتۈنلەي ئۆزگىرىپ كەتكەن. ئۇلار غاردىن بىرسىنى شەھەرگە يېمەكلىك سېتىۋېلىشقا ئەۋەتكەندىلا، باشقىلار ئۇنىڭ قولىدىكى تىللانىڭ بۇنىڭدىن 300 يىل بۇرۇنقى قەدىمقى ئاقچا ئىكەنلىكىنى بايقىغان ھەمدە بۇ تىللانىڭ يۈزىگە قەدىمكى پادىشاھنىڭ نامى ئويۇلغان بولغاچقا، تەكشۈرۈپ بۇ ئىشنىڭ تېگى-تەكتىگە يېتىش ئۈچۈن، يېمەكلىك سېتىۋالغۇچىنىڭ كەينىدىن ئىز قوغلۇشۇپ ماڭغان، غاردىكىلەر بۇ ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن قايتا ئۇخلاپ ئويغانمىغان، كېيىن ئۇ يەردىكىلەر ئۇلارنى خاتىرىلەش ئۈچۈن، غار ئاغزىغا بىر بەلگە ياساپ قويغان. ئايەتتە، بۇ قىسسە ئۆلگەندىن كېيىن تىرىلىشنىڭ شەكسىز ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈرىدۇ، دېيىلىدۇ. رىۋايەتتە، غارغا پاناھلانغان بۇ بىر قانچەيلەن كۆپرەك ''ئەسھابۇل كەھف''(غار ساھابىلىرى) دەپ ئاتىلىدۇ. شۇنداقلا بۇ قاراشتىكىلەر غاردا پاناھلانغانلار يەتتە ئادەم ۋە بىر ئىت دەپ قاراشقا مايىل بولغاچقا بۇ قىسسىنى ''يەتتە ئۇيقۇچى'' دەپ ئاتايدۇ.

بۇ ۋەقە يۈز بەرگەن ۋاقىت ۋە ئورۇن مەسىلىسىدە قاراشلار ئوخشاش ئەمەس، كۆپرەك كىشىلەر ئىسرائىلىيەلىكلەر ئارىسىدا تارقالغان رىۋايەتلەرنىڭ تەسىرى بىلەن مۇنداق دەپ قارايدۇ: مىلادى 249—251-يىللىرى رىم پادىشاھى دېسئاس كىچىك ئاسىيانىڭ ئېفېس دېگەن يېرىدىكى ياش خىرىستىيانلارغا زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئۈچۈن، ئۇلار زىيانكەشلىكتىن ساقلىنىش نىيىتىدە غاردا پاناھلىنىشقا مەجبۇر بولۇپ، ئۇ يەردە 196 يىل (بەزىلەر 200 يىل دەيدۇ) ياتقان، بۇ غار ئېفېس شەھىرىنىڭ يېنىدا دەپ قارايدۇ، ئەرەب جۇغراپىيەشۇناسى ياقۇت بىننى ئابدۇللا ھەمەۋى: بۇ غار ئامۇئام بىلەن نىسىيەنىڭ ئارىلىقىدا دەپ قارايدۇ. بەزى مۇفەسسىرلەرنىڭ قارىشىچە، يەھۇدى دىنى، خىرىستىيان دىنى قەدىمكى «زامانىدىكى ئاسسۇرىلار، گىرېكلار ۋە روملارنىڭ كۆپ قېتىم زىيانكەشلىكىگە ئۇچرىغان بولۇپ، بۇ قىسسىدە

سەلۇس پادىشاھلىقىنىڭ پادىشاھى ئەنتىئوك IV (مىلادىدىن بۇرۇنقى 176—84 -يىللار) نىڭ پەلەستىندىكى ئېرۇسالىم يەھۇدىيلىرىغا زور زىيانكەشلىك قىلغانلىقى ئەكس ئەتتۇرۇلگەن، بۇ غار ئېرۇسالىمنىڭ يېنىدا.

بۇنىڭ ناھايىتى كونكرېت، ئايەت مەزمۇنىدا چىڭ تۇرۇپ ھەم مۇكەممەل شەرھىيلەنگىنى شى زىجۇننىڭ مۇناسىۋەتلىك ماتېرىياللارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ئېلىپ بارغان نەقىللىك شەرھىيسىدۇر، ئۇ بىر قانچىلىغان تەپسىلىي ئىزاھاتلىرىدا بۇنى قايتا-قايتا بايان قىلغان، ئۇنىڭ مۇھىم نۇقتىلىرى تۆۋەندىكىچە:

بۇ سۈرىدە نۇقۇل ئىسلام دىنىنىڭ ئەھۋالى بايان قىلىنغان. غار ئەھلى دېگەن سۆز خىرىستىئانلارنىڭ دەسلەپكى چاغلاردا راھىبلارغا ئوخشاش ئۆي-ۋاقىنى تاشلاپ (تەركىي دۇنيا بولۇپ) جاھان بىلەن كارى بولماي، خىلۋەتلىكتە ئىستىقامەت قىلغانلىقىنى، يەنى غاردىكىلەردەك بولىدىغانلىقىنى... چۈشەندۈرىدۇ.

«قۇرئان كەرىم»نىڭ بۇ قىسسە بايان قىلىنغان ئايەتلىرىنىڭ باش قىسمىدا ۋە ئاخىرىدا خەت ئويۇلغۇق بىر ئابىدە تىلغا ئېلىنغان، غاردىكى بىر قانچە يىگىت ''غار ۋە رەقىم ساھابىلىرى''دېيىلگەن، ھەمدە ئۇلارنىڭ غاردا تۇرغان يىللىرى ئېيتىلغان، نەقىل ئېلىپ شەرھلىگۈچى دەل موشۇلارغا ئاساسەن دەلىللەپ ئۆتكەن. بۇ ھەقتىكى ئايەتلەر مۇنداق:

**''ئەسھابۇل كەھفنى ۋە رەقىم (يەنى ئەسھابۇلكەھفنىڭ ئىسىملىرى يېزىلغان تاختا) نى (بىزنىڭ قۇدرىتىمىزنى كۆرسىتىپ بېرىدىغان) ئالامەتلىرىمىز ئىچىدىكى ئەڭ قىزىقى دەپ قارىدىڭمۇ؟ ئۆز ۋاقتىدا بىر قانچە يىگىت غارنى پاناھ قىلىۋالدى، ئۇلار: 'پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە رەھمەت ۋە خەزىنىلىرىڭدىن ئاتا قىلغىن، بىزنىڭ ئىشلىرىمىزنى تۈزەپ، بىزنى ھىدايەت تاپقۇچىلاردىن قىلغىن' دېدى''.**

**''....... ئۇلار ئۆز غارىدا ئۈچيۈز توققۇز يىل تۇردى. ئېيتقىنكى: <ئۇلارنىڭ تۇرغان ۋاقتىنى ئاللاھ ئوبدان بىلىدۇ، ئاسمانلاردىكى، زېمىندىكى غەيبنى (بىلىش) ئاللاھقا خاستۇر، ئاللاھنىڭ كۆرۈشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! ئاللاھنىڭ ئاڭلىشى نېمىدېگەن مۇكەممەل! ئۇلارغا ئاللاھدىن بۆلەك ھېچقانداق ياردەمچى بولمايدۇ، ئاللاھ ئۆز ھۆكمىدە ھېچ كىشىنى شېرىك كەلتۈرمەيدۇ' ''**

(سۈرە «كەھف» {18-سۈرە}، 9-، 10-، 25-، 26-ئايەتلەر).

بۇ ئايەتلەر ئىچىدە'' رەقىم'' دېگەن بىر سۆز بار (ئەرەبچىدە ''الرقيم'' دېيىلىپ، بەزىدە ''بېغىشلىما''، ''ئابىدە'' دەپمۇ تەرجىمە قىلىنىدۇ).

''رەقىم'' دېيىلگەن ئىكەن...... ئۇ باشقىچە مەنىگىمۇ ئىگىمۇ؟ بۇ كەلگۈسىدە خىرىستىئان دىنىنىڭ ئەھۋالى دەل غاردىكى ئەھۋالنىڭ ئەكسىچە بولىدىغانلىقىغا بىشارەت. ''بېغىشلىما'' دېگەنلىك دەل سودا-سانائەت ساھەسىدىكى تاۋار ماركىسى ئېلانىغا ئوخشاش بولۇپ، ئۇنىڭدا سودا-سانائەتنىڭ گۈللەپ روناق تاپىدىغانلىقى تولۇق تەسۋىرلەنگەن، غار بىلەن بېغىشلىمىنىڭ تىلغا ئېلىنغىنى راھىبلىق تۈزۈمدىكى دىنىنىڭ بىراقلا ئۆزگىرىپ سودا-سانائەت روناق تاپقان دىنغا ئايلىنىدىغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ''.

ئايەتلەرنىڭ بايان قىلىنىش ئەھۋالىدىن قارىغاندا'' بىر قانچە يىگىتنىڭ زىيانكەشلىككە ئۇچرىغانلىقى ئۈچۈن غاردا پاناھلانغانلىقى، بىر ئىتنىڭ غار ئېغىزىدا ياتقانلىقى، ئۇلارنىڭ بىر مەزگىل ئۇخلىغانلىقى... بىزگە مەلۇم بولدى. ناۋادا بىز موشۇ ئەھۋالنى خىرىستىئان دىنىنىڭ تارىخى بىلەن سېلىشتۇرساق ئوخشاشمايدىغان يېرىمۇ يوق. ئۇلار دەسلەپتە جاھان بىلەن كارى بولماي، جاھان بىلەن ئالاقە قىلماي ياشاشنى خالىغان، ئۇنىڭدىن كېيىن ھۇشىغا كېلىپ ئىنتايىن خاتىرجەمسىزلىنىپ ئاندىن ئۇنىڭ ئەكسىگە بۇرالغان، نەتىجىدە ئۇلار ئۇ ئالەملىك تۈزۈمدىن بىراقلا بۇ ئالەملىككە ئۆزگەرگەن''.

''ئۇلارنىڭ ئۇ يەردە تۇرغان ۋاقتى توغرىسىدىكى سوئال ۋە جاۋابمۇ قوش مەنىلىك سۆز بولۇپ، بۇ سۆز يىگىتلەرنىڭ ئۇخلىغان ۋاقتىنى كۆرسىتىشى ئەلۋەتتە مۇمكىن، خىرىستىئان دىنىنىڭ راھىبلىق تۈزۈمىنىڭ ۋاقتىنى كۆرسىتىشىمۇ مۇمكىن... غار ئەھلىنىڭ سىرتقا چىقىپ يېمەكلىك سېتىۋالغانلىقى خىرىستىئان دىنىنىڭ سىرتقى پائالىيەتنى باشلىغانلىقىغا، سىرت بىلەن سودا مۇناسىۋىتىنى باشلىغانلىقىغا قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن''،

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

نەقىل ئېلىپ شەرھىيلىگۈچى ھەتتا ئايەتتىكى ئۇلار غاردا تۇرغان ۋاقىت'' ئۈچيۈز توققۇز يىل'' نى تارىخىي ئەمەلىيەتكە بىرلەشتۈرۈپ ھېسابلاپ چىققان: '' غار ساھابىلىرىنىڭ غاردا 300يىل ئۇزاق پاناھلىقتا تۇرغانلىقى ھەققىدە ھېچقانداق يازما خاتىرە ياكى رىۋايەت يوق، ئەمما خىرىستىئان دىنىنىڭ ئۆزگىرىش تارىخىنى تەپسىلىي كۆزەتسەك، ئۇنىڭدا ھەقىقەتەن موشۇنداق ئەھۋال بار. خىرىستىئان دىنىنىڭ روناق تاپقان ۋاقتى ياكى كونستانتىننىڭ بۇ دىنغا كىرگەن ۋاقتى شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا ئۇنىڭ'' ئۈچلۈك بىر''نى ئېتىراپ قىلىپ، تەۋھىد پاكلىقىدىن مەھرۇم بولغان ۋاقتى بولۇپ، بۇ ئىسا ئېراسىنىڭ (مىلادىيىنىڭ) 325-يىلىدۇر. ھازىر نۇرغۇن كىشىلەر ئىسانىڭ مىلادىيىدىن بۇرۇنقى 5 - ياكى 6-يىلى تۇغۇلغانلىقىنى ئېتىراپ قىلىدۇ، باش ئېپىسكوپ باركوخبامۇ ئۆزىنىڭ «خىرىستىئان دىنىنىڭ ئەۋجىسى» دېگەن ئەسىرىدە بۇ ۋاقىتنى 5—6-يىللىرى دەپ يازغان. شۇڭا ئەگەر ئۇ (ئىسا) 30 يېشىدىن باشلاپ دىن تەرغىب قىلىشقا باشلىغان بولسا، ئۇ ھالدا مىلادىيىنىڭ 25-يىلى تەرغىبات باشلىغان بولىدۇ. ئۇنداقتا خىرىستىئان دىنىنىڭ روناق تاپقان ۋە'' ئۈچلۈك بىر''نى ئېتىراپ قىلغانلىقىغا دەل خىرىستىئان دىنىنىڭ تارقىلىشقا باشلىغان ۋاقتىدىن ھېسابلىغاندا توپتوغرا 300يىل بولغان بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن خىرىستىئان دىنى غاردا دەل 300 يىل بولغان دېيىشكە بولىدۇ. لېكىن ئايەتتە نېمىشقا 309 يىل دېيىلىدۇ؟ بۇ قەمەرىيە يىلنامىسى بىلەن شەمسىيە يىلنامىسىنىڭ پەرقىدىن بولغان، ئەگەر قەمەرىيە يىلنامىسىنى شەمسىيە يىلنامىسىغا سۇندۇرساق ، ھەر يۈز يىلغا ئۈچ يىل قوشۇلىدۇ، بۇنداقتا 300يىلغا توققۇز يىل قوشۇلىدۇ''. (شى زىجۇنىڭ «قۇرئان كەرىم»نىڭ دۆلەت تىلىدىكى تەرجىمىسى ۋە شەرھىسى»(تەيبېي باسمىسى) دىكى 1085-، 1089-، 1091-، 1094-، 1095- ۋە 1099- قاتارلىق تەفسىرلىرىدىن پايدىلىنىڭ)

بۇ «قۇرئان كەرىم» دىكى مەسەل-قىسسىلەرنىڭ ئاساسىي مەنىسى قەيەردە ئىكەنلىكىنى تارىخىي ئەمەلىيەت ماتېرىياللىرى ئارقىلىق دەلىللەش ئۇسۇلى بىلەن مۇھاكىمە قىلىپ كۆرۈشنىڭ بىر مىسالى، بىر قەدەر مۇكەممەل، سۆزىنىڭ ئاساسى بار، شۇنداقلا دەلىللىك بايان قىلىنغان بىر مىسال. ئەمما ئۇ پەقەت كۆپ خىل شەرھلەرنىڭ بىرى بولۇپ، ئۇنىڭ توغرا ياكى ناتوغرىلىقى ھەققىدە خىلمۇخىل قاراشلار بار، بۇنىڭغا ھېچكىم ھۆكۈم قىلالمايدۇ. لېكىن شۇ نۇقتىنى مۇئەييەنلەشتۈرۈشكە بولىدۇكى، ئەگەر موشۇنداق ئەستايىدىل ۋە پۇختا پوزىتسىيە بىلەن ئىزدەنگەندە، ئايەتلەرنى چۈشىنىشنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا پايدىلىق بولىدۇ، تەفسىرچىلىك ساھەسىنى تېخىمۇ بېيىتقىلى، تولۇقلىغىلى ۋە كېڭەيتكىلى بولىدۇ.

## 3. سۆزلەرنىڭ بېشىدا كەلگەن ھەرپلەر توغرىسىدىكى قىياسلار

«قۇرئان كەرىم»دە يالغۇز كەلگەن بەزى ئەرەبچە ھەرپلەر ئۇچرايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى سۈرە بېشىدا كېلىدۇ، بۇنداق ھەرپلەر ''ھۇرۇف مۇقەتتەئات'' (''**حروف المقطعات**'') دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى ''يەككە مۇستەقىل ھەرپ'' دېگەنلىك بولىدۇ، ياكى '' ھۇرۇف فەۋاتىھ''(''**حروف الفواتح**'') دەپ ئاتىلىدۇ، بۇنىڭ مەنىسى '' باشلامچى ھەرپ'' دېگەنلىك بولىدۇ. ئۇلارنىڭ چىن مەنىسى ھەققىدە گەرچە خىلمۇخىل قىياسى يېشىملەر بولسىمۇ، ئەمما ھەممە ئېتىراپ قىلىدىغان يەكۈن يوق، شۇڭا بۇ ھەرپلەر '' مەنىسى يوشۇرۇن ھەرپلەر'' دەپ چۈشەندۈرۈلىدۇ.

ئادەتتىكى مۇفەسسىرلەرنىڭ قاراشلىرى مۇنداق: (1) ئۇلار ئاللاھىدە جۈملە، ئىبارە (سۆز بىرىكمىسى) ياكى سۆزلۈكلەرنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى بولۇشى مۇمكىن؛ (2) ھەر بىر ھەرپ ياراتقۇچى ئاللاھنىڭ سۈپەتلىرىدىن بىرىگە ۋەكىللىك قىلىشى مۇمكىن؛ (3) ئۇلارنىڭ ئاللاھىدە مەنىگە ئىگە بولۇشى ناتايىن، ئېھتىمال «قۇرئان كەرىم»نى توپلاپ، رەتلەپ خاتىرىلىگۈچىلەر قالدۇرغان شەرتلىك بەلگىلەر بولۇشى مۇمكىن (بۇ خىل قاراش ئايرىم كىشىلەرنىڭ پىكرى)؛ (4) بۇ ئاللاھنىڭ سىرى، ئۇنىڭ سىرلىق مەنىسى پەقەت

ئاللاھ تائالاغىلا مەلۇملۇق، ئۇنى خالىغانچە قىياس بىلەن شەرھلەشكە بولمايدۇ (بۇ قاراشتىكىلەر ئۇستۇنلۇكتە تۇرىدۇ، شۇنداقلا بۇ ئەڭ ئىھتىياتلىق قاراش ھېسابلىنىدۇ).

يۇقىرىدىكىلەردىن ئالدىنقى ئىككى خىل قىياستىكىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ ھەرپلەرنىڭ جەزمەن قاراتمىلىقى بولۇپ، مەلۇم بىر ئالاھىدە ئۇقۇم ياكى ئىبارە (سۆز بىرىكمىسى)نىڭ ئىنچاملىنىشى ياكى قىسقارتىپ يېزىلىشىدىن ئىبارەت، شۇڭا نۇرغۇنلىغان قىياسلار مەيدانغا كەلگەن. بۇ قىياسلار گەرچە ھۆكۈم بولمىسىمۇ، ئۇلارنىڭ كۆپچىلىك تەرىپىدىن ئېتىراپ قىلىنىشى ھەم مۇمكىن بولمىسىمۇ، ئەمما ھەر قايسى شەرھلەردە ئۇلارنىڭ قاراشلىرى مۇكەممەل ئوتتۇرىغا قويۇلغان، قىياس مەزمۇنلىرى ئاقكۆڭۈللۈك بىلەن بايان قىلىنغان، ھېچ بولمىغاندا «قۇرئان كەرىم» روھىغا خىلاپ بولمىغان. قانداقلا بولمىسۇن، بەزىلەرنىڭ قىياس قىلىشنى باشلاپ بەرگەنلىكى، ئۇنىڭ ئۇستىگە بۇ قىياسلارنىڭ پايدىلىق تەرەپلىرى باردەك قىلىنغانلىقى ئۇچۇن، تەفسىرچىلەر كەينى-كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، بەس-بەس بىلەن شەرھلەپ باققان. ناۋادا بۇ قاراشلار كەڭ دائىرىدە يىغىلىپ توپلام قىلىنغان بولسا، كىشىنى جەزمەن زوقلاندۇرىدىغان ئېسىل يىغىلمىلار كۆزگە چېلىقىشى مۇمكىن.

بىراق، قىياسىي تەفسىر قىلغۇچى مۇفەسسىرلەرنىڭ ئۆزىمۇ ھەرگىز ئۇنىڭ چىن مەنىسىنى، جەۋھىرىنى تاپتىم دېيىشكە جۈرئەت قىلالمايدۇ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى بۇنى: مۇنداقلا چۈشەندۈرۈشىمىز، ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقىلا بولىدۇ، دەپ قارايدۇ. مەيلى شاگىرتلارغا، ئاڭلىغۇچىلارغا بولسۇن، قۇرئان تەفسىر قىلغۇچى ئىمام-ئۇستازلار ياكى «قۇرئان كەرىم»نى تۈرلۈك تىللارغا تەرجىمە قىلغۇچى ئالىملار ھەر قانداق بىر قىياسنى نەقىل قىلىپ تەدبىقلىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭ ھەرگىز ھۆكۈم ئەمەسلىكىنى جاكارلاپ قويۇشى لازىم.

پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە قىسقارتىلما ھەرپلەر يولۇقىدىغان 28 سۈرە بار، بۇ ئومۇمىي 114 سۈرىنىڭ 25.4 پىرسەنتىنى ئىگەللەيدۇ؛ يولۇقىدىغان ھەرپلەر 38 بولۇپ، ئۇنىڭ تەكرارلانغانلىرىنى چىقىرىۋەتكەندە، ئىشلىتىلگەن ھەرپ سانى 14، بۇ ئومۇمىي ئەرەبچە ھەرپلەرنىڭ يېرىمىنى تەشكىل قىلىدۇ؛ ھەر قايسى سۈرىلەردە يولۇقىدىغان ھەرپلەرنىڭ سانى بىردىن بەشكىچە بولۇپ، ئوخشاش ئەمەس، ئۇلارنىڭ يالغۇز كېلىش ياكى قوشۇلۇپ كېلىش شەكلى جەمئىي 14 خىل بولۇپ، بۇلاردىن 10 خىلى پەقەت مەلۇم سۈرىدە بىرلا قېتىم كۆرۈلىدۇ، ئوخشاش قوشما ھەرپلەرنىڭ تەكرار چېلىقىشى ئەڭ ئاز بولغىنى ئىككى سۈرىدە، ئەڭ كۆپ بولغىنى ئالتە سۈرىدە كۆرۈلىدۇ، ئۇلارنىڭ تەپسىلاتىنى تۆۋەندىكى جەدۋەلدىن كۆرۈڭ:

**«قۇرئان كەرىم» دىكى سۈرە بېشى ھەرپلىرى جەدۋىلى**

| سۈرە بېشىدا كۆرۈلىدىغان ھەرپلەر | | كۆرۈلىدىغان سۈرە رېتى | قېتىم سانى |
|---|---|---|---|
| بىر ھەرپ | **ص** (ساد) | 38 | 1 |
| | **ق** (قاف) | 50 | 1 |
| | **ن** (نۇن) | 68 | 1 |
| ئىككى ھەرپ | **طه** (تا. ھا) | 20 | 1 |
| | **طس** (تا. سىن) | 27 | 1 |
| | **يس** (يا. سىن) | 36 | 1 |
| | **حم** (ھا. مىم) | 40، 41، 43، 44، 45، 46 | 6 |
| ئۈچ ھەرپ | **الم** (ئەلىف. لام. مىم) | 2، 3، 29، 30، 31، 32 | 6 |
| | **الر** (ئەلىف. لام. را) | 10، 11، 12، 14، 15 | 5 |
| | **طسم** (تا. سىن. مىم) | 26، 28 | 2 |
| تۆت ھەرپ | **المص** (ئەلىف. لام. مىم. ساد) | 7 | 1 |
| | **المر** (ئەلىف. لام. مىم. را) | 13 | 1 |
| بەش ھەرپ | **كهيعص** (كاف. ھا. يا. ئەين. ساد) | 19 | 1 |
| | **حم عسق** (ھا. مىم. ئەين. سىن. قاف) | 42 | 1 |

www.uyghurkitap.com

جەدۋەلدىن شۇنى كۆرگىلى بولىدۇكى، ئۈچ سۈرىدە پەقەت بىردىنلا ھەرپ بار، تۆت ۋە بەش ھەرپلىكلىرى ئىككى سۈرە بولۇپ، بۇ ھەرپلەر سۈرە بېشىدا بىر قېتىمدىنلا يولۇققىدۇ.

تەكرارلىنىشى ئەڭ كۆپ ئىككى گۇرۇپپا ( ھەر بىر گۇرۇپپىدا ئالتە قېتىمدىن تەكرارلانغان) نى مىسالغا ئېلىپ، بۇھەرپلەر توغرىسىدىكى قىياسلارنى قىسقىچە تونۇشتۇرساق مۇنداق:

''الـــم''(ئەلىف. لام. مىم) توغرىسىدىكى قىياسلار:

(1)ھەرپ تەرتىپى بويىچە ئۇلار ئايرىم-ئايرىم ھالدا''ئاللاھ. جىبرىئىل. مۇھەممەد'' دېگەن ئۈچ سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى بولۇپ، ئۇنىڭ مەنىسى:''«قۇرئان كەرىم»نى ئاللاھ تائالا جىبرىئىل پەرىشتە ئارقىلىق مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا يەتكۈزگەن، دېگەنلىك؛

(2) ئايرىم-ئايرىم ھالدا:''مەن. ئاللاھ. ھەممىنى بىلىش'' دېگەن ئۈچ سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى بولۇپ، بۇلار جۈملە قىلىپ قوراشتۇرۇلسا، ئۇنىڭ مەنىسى:''مەن ھەممىنى بىلگۈچى ئاللاھ'' دېگەنلىك؛

(3) ئايرىم-ئايرىم ھالدا '' باشلىنىشى. ئوتتۇرىسى. ئاخىرى'' دېگەن سۆزلەرگە ۋەكىللىك قىلىپ، ئىنساننىڭ ''تۇغۇلۇش-ئۆسۈش-ئۆلۈش''تىن ئىبارەت ئۈچ مۇساپىسىنى ئىپادىلەيدۇ؛

(4) ھەرپ تەرتىپى بويىچە ئۇلارنىڭ تاۋۇشى ئايرىم-ئايرىم ھالدا''بوغۇز تاۋۇشى، تىل تاۋۇشى، لەۋ تاۋۇشى''دىن ئىبارەت بولۇپ، ''باش، ئوتتۇرا، ئاخىر'' دىن ئىبارەت ئۈچ باسقۇچقا سىمۋول بولىدۇ...

''حـــم'' (ھا، مىم ھەرپلىرى) توغرىسىدىكى قىياسلار:

(1) ''رەھمان'' ۋە ''رەھىم'' دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى بولۇپ، ئۇلارنىڭ مەنىسى '' ناھايىتى شەپقەتلىك، مېھرىبان'' دېگەن بولىدۇ، بۇلار قۇرئان تىلاۋىتىنىڭ باشلىنىشىدا ئوقۇلىدىغان تەسمىيە ( بىسمىللاھ) دىكى ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىدىغان ئىككى سۆزدۇر؛

(2)''ھەمد'' ۋە '' مەجد'' دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بېشىدا كەلگەن ھەربىتىن ئېلىنغان بولۇپ، ''مەدھىيىگە لايىق، شانۇ-شەۋكەتلىك'' دېگەن مەنىنى بېرىش بىلەن، ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىنى كۆرسىتىدۇ؛

(3) ''ھەييۇ'' ۋە ''قەييۇم'' دېگەن ئىككى سۆزنىڭ بېشىدا ۋە ئاخىرىدا كەلگەن ئىككى ھەربىنىڭ قوشۇلمىسى بولۇپ، '' ھەمىشە تىرىك'' ، ''ھەممىنى ئىدارە قىلىپ تۇرىدىغان'' دېگەن مەنىدە. بۇلارمۇ ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىدىغان سۆزلەردۇر («بەقەرە» سۈرىسى {2-سۈرە}، 255-ئايەت)......

باشقا 12 خىلدىكى سۈرە بېشىدا كەلگەن تاق ھەرپ ياكى قوشما ھەرپلەر توغرىسىدىمۇ ئوخشاشلا نۇرغۇن قىياسلار قويۇلغان، بۇلارنى بىر-بىرلەپ تەپسىلىي بايان قىلىپ ئۆتۈش ھاجەت ئەمەس، شۇنداقتىمۇ ئازراق بولسىمۇ چۈشەنچىگە ئىگە قىلىش ئۈچۈن، تۆۋەندە پەقەت ھەر بىر تىپتىكى سۆز بېشى ھەرپىدىن بىردىن تاللاپ تونۇشتۇرۇپ ئۆتىمىز؛ ئەمما شۇنى دەپ قويىمىزكى، بۇلار ھەرگىز ئىنچىكىلىك بىلەن تاللاپ ئېلىنىپ كۆرسىتىلگەن ئەمەس بەلكى پەقەتلا ئۇدۇل كەلگىنىنى كۆرسىتىپ ئۆتمەكچىمىز:

تاق ھەرپلىكلەر ئۈچ خىل:

**ص** (ساد) — ''سادىق (ئاللاھ)'' قا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛

**ق** (قاف)— ''قادىر (ئاللاھ) '' قا ۋەكىللىك قىلىدۇ؛

**ن** (نۇن)— (1) '' دۇۋەت (سىياھ قۇتىسى)'' نى كۆرسىتىپ، ئايەتتىكى ''قەلەم'' ئۇقۇمى بىلەن باغلىنىشلىق؛ (2)''بېلىق''نى كۆرسىتىپ، يۇنۇس ئالايھىسسالامنىڭ قىسسىسى (21-سۈرە 87-ئايەتكە قاراڭ) بىلەن مۇناسىۋەتلىك؛

ئىككى ھەرپلىكلەر تۆت خىل (توققۇز سۈرىدە كۆرۈلىدۇ):

**طـه**(تا. ھا)— ''ئى كامىل ئىنسان ( مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)'' دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛

**طـس**(تا. سىن)— ''پاك، ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدىغان(ئاللاھ)''دېگەننى بىلدۈرىدۇ؛

**يـس**(يا. سىن)— ''ئى كامالەتلىك باشلىق (مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام)'' دېگەننى بىلدۈرىدۇ.

**حم**(ھا. مىم)— ئالدىنقى مەزمۇنغا قاراڭ.

ئۈچ ھەرپلىكلەر ئۈچ خىل (13 سۈرىدە كۆرۈلىدۇ):

**الم** (ئەلىف. لام. مىم)__ئالدىنقى مەزمۇنغا قاراڭ؛

**الـــر** (ئەلىف. لام. را)__"كۆرمەيدىغىنىم يوق ئاللاھمەن" دېگەن قىسقا جۈملىنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى؛

**طسم** (تا.سىن.مىم)__"پاك، خەۋەر تاپمايدىغىنى يوق، بىلمەيدىغىنى يوق" دېگەن ئۈچ سۆزلۈكنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى.

تۆت ھەرپلىكلەر ئىككى خىل:

**المص** (ئەلىف.لام.مىم.ساد)__"مەن ئاللاھ، ھەممىنى بىلگۈچى، چىن (پەرۋەردىگار)" دېگەن قىسقا جۈملىنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى؛

**المر** (ئەلىف.لام.مىم.را)__"مەن ئاللاھ، ھەممىنى بىلگۈچى، كۆرمەيدىغىنى يوق (پەرۋەردىگار)" دېگەن قىسقا جۈملىنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى.

بەش ھەرپلىكلەر ئىككى خىل:

**كهيعص** (كاف.ھا.يا.ئەين.ساد)__"سەن كامىل، ھەقىقىي يېتەكلىگۈچى، ھەممىنى بىلگۈچى، چىن پەرۋەردىگار" دېگەن ھەمدۇ-سانا جۈملىسىنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى؛

**حم عسق** (ھا.مىم.ئەين.سىن.قاف) — ئاللاھقا مەدھىيە جۈملىسى "ھەمدۇساناغا لايىق، شانۇ-شەۋكەتلىك پەرۋەردىگارسەن، بىلمەيدىغىنىڭ يوق، ھەممىگە قادىر پەرۋەردىگارسەن" دېگەن بەش سۆزلۈكنىڭ قىسقارتىپ يېزىلىشى......

يۇقىرىدا مىسال كەلتۈرۈلگەن قىياسلارنى ئومۇملاشتۇرۇپ ۋە نەقىل ئېلىنمىغان باشقا ماتېرىياللاردىن پايدىلىنىپ قارىغاندا، ئۇ قىياسلارنىڭ كۆپىنچىسى تۆۋەندىكى بىر نەچچە خىلدىن يىراقلاپ كەتمەيدۇ:

(1) بۇ ھەرپلەر مەلۇم قىسقا جۈملىنىڭ ئىخچاملىنىشى دەپ قارالغان؛

(2) ھەر بىر ھەرپ مەلۇم سۆزلۈكنىڭ قىسقارتىلىپ يېزىلىشى دەپ قارالغان؛

(3) بۇ قىياسلار ئاساسىي جەھەتتىن ئاللاھ تائالانىڭ سۈپىتى، گۈزەل ناملىرى بايان قىلىنغان سۆزلۈكلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا قىلىنغان، چۈشەندۈرۈلگەن سۆزلۈكلەردە چوقۇم شۇ ھەرپ بولۇشى كېرەك......

قىياس قىلغۇچىلارنىڭ قىياسلىرىنىڭ پەرقلىق بولۇشىنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇلار كۆپىنچە مەنە جەھەتتىن ئوخشاپ كەتمەيدىغان سۆزلەردىكى مەلۇم بىر ئوخشاش ھەرپنى تاللىۋالغان. مەسىلەن، "م" (مىم) دېگەن ھەرپنى "ھەممىنى بىلگۈچى" دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەر "ئالىم" دېگەن سۆزنىڭ ئاخىرقى ھەرپىنى ئاساس قىلغان، ئۇنى "شانۇ شەۋكەتلىك" دەپ چۈشەندۈرگۈچىلەر "مەجد" دېگەن سۆزنىڭ بىرىنچى ھەرپىنى ئاساس قىلغان: قىياسىي چۈشەندۈرۈش دېگەن ھامان بىرخىل پەرەز، بىر خىل ئىزدىنىش. بەس-بەس بىلەن قىياس قىلىش«قۇرئان كەرىم»نى ئەستايىدىل قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ قالايمىقان چۈشەندۈرۈشكە قارشى تۇرۇش بولسا، ئايەتلەرنىڭ بۇرمىلىنىپ چۈشەندۈرۈلۈپ قويۇلۇشىدىن ئەندىشە قىلىش پوزىتسىيىسىنى گەۋدىلەندۈرىدۇ.

بۇنداق سۈرە بېشى ھەرپلىرىنىڭ مەۋجۇت بولۇشى ھەمدە ئۆلىما-مۇتەخەسسىلەرنىڭ ئۇزاق زامانلاردىن بېرى بۇ ھەقتە تەتقىقات، مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشى، شۇنداقلا قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇچىلارنىڭ قۇرئاننى يېپىپ قويۇپ بۇ ھەرپلەر ئۈستىدە چوڭقۇر ئويلاپ كېتىدىغان ئاجايىباتلىق تۇيغۇلىرى«قۇرئان كەرىم»نى تېخىمۇ كۆپرەك سىرلىق تۈسكە كىرگۈزىدۇ.

## 4. رەقەملەرنىڭ سىرىنى قېتىرقىنىپ تەتقىق قىلىش ئىستىلى

ھازىرقى دەۋرىمىزدە«قۇرئان كەرىم»نى تەتقىق قىلىش ياكى شەرھلەش جەھەتتە يېڭىلىق ھاسىل قىلىشقا تىرىشىشتەك بىرخىل كەيپىيات شەكىللىنىۋاتقاندەك قىلىدۇ. بۇ ھەقتە تۈرلۈك نۇقتىلاردىن، ھەر قايسى ئىلىم ساھەلىرى بويىچە ئىزدىنىپ چۈشەنچە ھاسىل قىلغۇچىلاردىن سىرت، يېقىنقى يىللاردىن بېرى رەقەم، سانلىق مەلۇمات قاتارلىق ماتېرىياللارنى يىپ ئۇچى قىلغان ھالدا قانۇنىيەتلەرنى تېپىپ چىقىپ شەرھلەش تېخىمۇ ئەۋج ئېلىپ مودا

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com



بولۇپ قالدى. بولۇپمۇ كومپيۇتېر، ھېسابلاش ماشىنىسىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك ئىشلىتىلىشى يۇقىرىقىدەك تەتقىقات ئۇسۇلىغا قولايلىق يارىتىپ بەرگەنلىكى ئۈچۈن، بۇ خىل خىزمەتنىڭ يەنىمۇ كەڭ دائىرىدە بولۇشىغا تۈرتكە بولدى.

گەرچە سانلىق مەلۇماتلار ئاساسىدا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىشتەك بۇ خىل تەتقىقات ئۇسۇلى نۇپۇزلۇق مۇفەسسىرلەرنىڭ بىردەك ئېتىراپ قىلىشىغا ئېرىشىپ كەتمىگەن، مۇسۇلمانلار دۇنياسىدىمۇ ئومۇمىيۈزلۈك ئېتىراپ قىلىنىپ كەتمىگەن بولسىمۇ، ھەتتا بەزىلەر بۇ خىلدىكىدەك تەتقىقات ئۇسۇلىغا قوشۇلۇشقا جۈرئەت قىلمايدىغان ياكى قەتئىي قارشى چىقىۋاتقان بولسىمۇ، ئەمما ئۇزۇلمەي قىلىنىۋاتقان قىياسلار توختىماي كۆپىيىۋاتىدۇ. ئەلۋەتتە، مەيلى ئېتىراپ قىلىنسۇن ياكى قارشىلىققا ئۇچرىسۇن، بۇ تەتقىقات بىلەن شۇغۇللانغۇچىلارنىڭ پوزىتسىيىسى كۆپ ھاللاردا ئەستايىدىل بولىۋاتىدۇ. ئۇلار قاراشلىرىنى نەرھلىگۈچىلەر ھەمىشە: بىز قېتىرقىنىپ مۇھاكىمە قىلىپ، چوڭقۇر چۈشىنىپ ۋە ئىگەللەپ، ئۆزىمىزنىڭ ئۆگىنىش تەسىراتىنى ئىپادىلىدۇق، دەپ قاراۋاتىدۇ؛ ئۇنىڭغا ئوخشىمايدىغان پىكىردىكىلەر بولسا، پەقەت «قۇرئان كەرىم»نىڭ مۇقەددەس ئىززەت-ئىكرامىنى قوغداش نۇقتىسىدىن چىقىپ، قاتتىق ئېھتىياتچان بولۇشنى، خىيالىغا كەلگىنىچە سۆزلەشكە بولمايدىغانلىقىنى، ئۆز قارىشىنى باشقىلارغا تاڭماسلىقنى تەشەببۇس قىلىدۇ؛ ئالدىنقى قاراشنى ياقلايدىغانلار بولسا كۆپىنچە باشقىلارنىڭ تەتقىقات مۇۋاپپەقىيەتلىرىنى ھۆرمەت قىلىش ئارزۇسى بىلەن، ئۇلارنىڭ دېگەنلىرىمۇ يوللۇقتۇ، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭدىن باشقىلار ئىلھاملىنىۋاتىدىغۇ، دېگەن تۇيغۇدا بولىۋاتىدۇ.

يۇقىرىدا بايان قىلىنغان تەتقىقات ئۇسۇلى ۋە تەپەككۇر يولىدىن ئانچە-مۇنچە خەۋەردار قىلىش ئۈچۈن، بەزى مىساللارنى كەلتۈرۈپ ئۆتسەك ئارتۇقلۇق قىلماس:

(بىرىنچى مىسال) سۆزلۈك كۆرۈلگەن قېتىم سانىدىن ۋاقىت، يىل، ئايلارغا قارىغاندا، دەل شەمسىيە كالىندارىغا ئوخشاش چىققان. مەسىلەن، ''كۈن''نى ئىپادىلەيدىغان بىرلىك سۆز ''يەۋم''(ئەرەبچە''**اليوم**'')«قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە جەمئىي 365 قېتىم چېلىنىدۇ، بۇ دەل پۈتۈن بىر يىللىق كۈن سانىغا ئوخشاش كېلىدۇ (بۇ سان كىشىلىك ئالماشلار بىلەن تۇرلىنىپ كەلگەن ''سىلەرنىڭ كۈنۈڭلار''، ''ئۇلارنىڭ كۈنى''<ھەر بىرى بەش يەردە ئۇچرايدۇ>دېگەن سۆزلەردىكى ''كۈن''نى ئۆز ئىچىگە ئالمايدۇ). ئۇنىڭ جۈپلۈك شەكلى ''يەۋمەيىن'' (ئەرەبچە''**يومين**'') ۋە كۆپلۈك شەكلى ''ئاييام'' (ئەرەبچە''**الأيام**'') قوشۇلۇپ جەمئىي 30 قېتىم چېلىنىدۇ، بۇمۇ بىر ئاينىڭ كۈن سانىغا تەڭ كېلىدۇ.

يەنە مەسىلەن، ''ئاي''نى بىلدۈرىدىغان بىرلىك سۆز''شەھەر''(''**شهر**'') پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە 12 قېتىم چېلىنىدۇ، بۇمۇ دەل بىر يىلدىكى ئاي سانىدۇر (بۇ يەردە كۆرسىتىلگىنى پەقەت''ئاي'' سۆزىنىڭ بىرلىك شەكلى بولۇپ، جەمئىي 12قېتىم چېلىنىدۇ. ئۇنىڭدىن باشقا«قۇرئان كەرىم»نىڭ 4- ۋە 58-سۈرىسىدە''ئاي''نىڭ جۈپلۈك شەكلى بىر قېتىمدىن ئۇچرايدۇ. 2-،9- ۋە 65-سۈرىلەردە ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى ئالتە قېتىم ئۇچرايدۇ. )

ئىسلام دىنىدا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان شەمسىيە يىلنامىسىدىمۇ 12 ئاي بىر يىل ھېسابلىنىدۇ، بۇنىڭغا«قۇرئان كەرىم»دە ئېنىق ئاساس بار: ''**ئايلارنىڭ سانى ئاللاھنىڭ دەرگاھىدا (يەنى لەۋھۇلمەھپۇزدا) 12 دۇر**'' (سۈرە«تەۋبە»، {9-سۈرە}،36-ئايەت).

ھەر قايسى ئايەتلەردە كۆرۈلگەن بۇ مۇناسىۋەتلىك سۆزلەرنىڭ مەزمۇن جەھەتتىن مۇقەررەر ئالاقىدار بولۇشى ناتايىن، ئەمما ھېسابلاپ چىقىلغان ئومۇمىي سانلار ھەقىقەتەن تەتقىقاتچىلارنىڭ ئۆز پىكىر يوللىرىنى ئېچىشىغا ئىلھام بولىدۇ.

(ئىككىنچى مىسال) بىر-بىرىگە ماسلىشىدىغان ياكى بىر-بىرىگە قارىمۇقارشى سۆزلۈكلەر ئۈستىدە باش قاتۇرۇپ مۇلاھىزە قىلىنىپ، قىياس خاراكتېرلىك شەرھلەر بېرىلگەن. مەسىلەن، ئىسلام دىنى ''رىئاللىقتا

مەزمۇت تۇرۇش، كەلگۈسىگە تەلپۈنۈش" دېگەن كىشىلىك تۇرمۇش پەلسەپىسىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇ دۇنيامۇ بار، ئاخىرەتمۇ بار، دەپ قاراش بىلەن "ئىككى ئالەمگە تەڭ ئەھمىيەت بېرىش"ئالەم قارىشىنى تەكىتلەيدۇ، شۇنداقلا، ئاخىرەتنىڭ بۇ دۇنياغا قارىغاندا تېخىمۇ مۇھىم ئىكەنلىكىگە ئىشىنىدۇ. «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە«بەقەرە» {2-سۈرە} نىڭ 201-ئايىتى مۇسۇلمانلار دائىم ئوقۇيدىغان ۋە ئۇلارنىڭ قەلبىدىن چوڭقۇر ئورۇن ئالغان بىر ئايەت: "**بەزى كىشىلەر: 'ئى پەرۋەردىگارىمىز! بىزگە دۇنيادا ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، ئاخىرەتتىمۇ ياخشىلىق ئاتا قىلغىن، بىزنى دوزاخ ئازابىدىن ساقلىغىن' دەيدۇ**".

شۇڭا، "دۇنيا"، "ئاخىرەت" دېگەن بۇ ئىككى سۆز«قۇرئان كەرىم»دە كۆپ قېتىم ئۇچرايدۇ. ھېسابلاپ چىقىلغان سانلىق مەلۇماتقا قارىغاندا. "دۇنيا"(ئەرەبچە"**الدنيا**")سۆزى جەمئىي 115 قېتىم كۆرۈلىدىكەن، "ئاخىرەت"(ئەرەبچە"**الاخرة**") دېگەن مۇئەننەس ئىسىممۇ 115 قېتىم چېلىقىدىكەن ("ئاخىرەت"دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ مۇزەككەر شەكلى "ئاخىر" بولۇپ، «قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 28 قېتىم ئۇچرايدۇ، بۇ شەكىل يۇقىرىقى سانغا كىرگۈزۈلمىدى).

يەنە مەسىلەن، "مەنپەئەت" ۋە "زىيان" دېگەن قارىمۇ قارشى مەنىلىك بۇ ئىككى سۆزمۇ «قۇرئان كەرىم»نىڭ نۇرغۇن ئايەتلىرىدە كۆرۈلىدۇ ھەممىدە بۇ ئىسىم(بىرلىك، كۆپلۈك)، پېئىل(شەخسلىك، زامان شەكىللىرىمۇ شۇنىڭ ئىچىدە) قاتارلىق ياسالما سۆز شەكلىدە چېلىقىدۇ، ئەرەبچىدە "مەنپەئەت"نىڭ سۆز يىلتىزى "نەفئە" ("**النفع**")، "زىيان"نىڭ سۆز يىلتىزى "فەساد"("**الفساد**") بولۇپ، ھېسابلىنىپ كۆرۈلىشىچە، بۇ ئىككى سۆزنىڭ كۆپ خىل ھالەتلىرىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا، ئۇلارنىڭ قۇرئاندا كۆرۈلۈش قېتىم سانى دەل ھەر بىرىنىڭ 50قېتىمدىن ئىكەن.

ۋە يەنە مەسىلەن، شەيتاندىن بولغان ئىبلىس(ئەرەبچە "**إبليس**") دېگەن ئىسىم ئايەتلەردە ئىلگىرى-ئاخىر 11 قېتىم چېلىقىدۇ. بۇ شەيتان دەل دەسلەپكى چاغدا جەننەتتە ئاللاھ تائالانىڭ ئەمرىگە قارشىلىق كۆرسىتىپ، ئىنسانلارنىڭ ئاتىسى(پىر بوۋىسى)ئادەم ئەلەيھىسسالامغا ئىززەت-ئىكرام بىلدۈرۈشكە ۋاپاسىزلىق قىلغان جىن بولۇپ، ئۇ كېيىن يەنە جان-جەھلى بىلەن ئادەم ئاتا بىلەن ھەۋۋا ئانىنى يېيىش مەنئىي قىلىنغان مېۋىنى ئوغۇرلۇقچە يېيىشكە ئازدۇرغانلىقى ئۈچۈن، ئىنسانلارنىڭ ئەشەددىي دۈشمىنى ھېسابلىنىپ، ئادەم ئاتا-ھەۋۋا ئانا بىلەن بىللە بۇ دۇنياغا چۈشۈرۈۋېتىلگەن. شۇڭا كەڭ مۇسۇلمانلار ئىبلىس دېگەن بۇ ئىسىمنى ئىنتايىن ئۆچ كۆرىدۇ، ئۇنىڭ بۇزغۇنچىلىق ۋە پاراكەندىچىلىكىگە ئۇچراپ قېلىشتىن ھەمىشە قاتتىق ئاگاھ بولىدۇ، ئۇنىڭ زىيانكەشلىكىدىن ساقلىنىش ئۈچۈن دائىم ئاللاھ تائالادىن پاناھ تىلەيدۇ، «قۇرئان كەرىم»نى تىلاۋەت قىلغاندا ھەر دائىم ئالدى بىلەن شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىسىدىن پاناھ تىلەيدىغان مەخسۇس دۇئا (ئەئۇزۇ بىللاھى مىنەششەيتانىر رەجىم) نى ئوقۇيدۇ. "پاناھ تىلەش" دېگەن بۇ پېئىل بىرىنچى شەخستىكى "ئەئۇزۇ" (ئەرەبچە"**اعوذ**"بولۇپ، ئاللاھدىن پاناھ تىلەيمەن دېگەن مەنىدە) دىن ئىبلىنغان بولۇپ، ئايەتلەردە يەتتە قېتىم ئۇچرايدۇ؛ بۇيرۇق پېئىل شەكلىدىكى "ئىستەئىز" (ئەرەبچە"**استعذ**" بولۇپ، "<ئاللاھدىن> پاناھ تىلىگىن"دېگەن مەنىدە) تۆت قېتىم ئۇچرايدۇ. بۇ ئىككىسى جەمئىي 11 قېتىم بولۇپ، دەل ئىبلىس دېگەن بۇ ئىسىمنىڭ قۇرئاندا چىققان قېتىم سانى بىلەن ئوخشاش.

تېخىمۇ قىزىق بايقاش ۋە شەرھ شۇكى، «قۇرئان كەرىم»دە بايان قىلىنغان ھەر خىل سۆھبەت، سوئال-جاۋابلاردا دائىم "دېگىن" دېگەن بۇ پېئىل قوللىنىلغان، ھالبۇكى، ئەرەبچىدە ھەر بىر پېئىلنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك شەخسلىك، زامان، جىنس، تاۋۇش قاتارلىق ئىچكى مەزمۇنلارغا ئىگە بولىدۇ. پۈتۈن قۇرئاندا "ئۇلار دەيدۇ" دېگەن بۇ كۆپلۈك ئۈچىنچى شەخس ئۆتكەن زامان پېئىلى "قالۇ"(ئەرەبچە "**قلوا**") جەمئىي332قېتىم چېلىقىدۇ، ئۇنىڭدىكى مەزمۇنلار خىلمۇ خىل پىكىر ياكى مەسىلىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؛ ھالبۇكى، بۇيرۇق ھالىتىدە

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

كەلگەن ’’قول‘‘ ـــ ’’دېگىن‘‘ (ئەرەبچە ’’قُل‘‘) دېگەن سۆز ئادەتتە ئاللاھ تائالانىڭ پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغا بەرگەن ۋەھيىسى، بۇيرۇقى تەلەپپۇزىدا ئېيتىلىپ، ئۇنىڭغا يولۇققان مەسىلىلەر ياكى ئەزىيەتلەرگە بېرىلىدىغان جاۋاب ئۆگىتىلىدۇ. بۇ سۆز قايتا-قايتا چېلىقىدۇ، ئۇنىڭ ئومۇمىي سانىمۇ قىززىق: كۆپمۇ ئەمەس، ئازمۇ ئەمەس، دەل 332 قېتىمدۇر.

موشۇنىڭغا ئوخشاپ كېتىدىغان سانلىق مەلۇماتلار كومپيۇتېردا چىققاندىن كېيىن، بۇ جەھەتتە قىزىققان، بىر-بىرلەپ ئىزدەنگەن، شۇنداقلا ئىخلاسمەنلىك بىلەن تەفسىر قىلغۇچى تەتقىقاتچىلار سېلىشتۇرۇش، چوڭقۇر مۇلاھىزە قىلىش ئارقىلىق، بۇنىڭ تېگىگە يەتكەندەك قىلدۇق دەپ قاراپ، كەينى-كەينىدىن ماقالىلارنى يېزىپ، كەڭ ئوقۇرمەنلەرگە تونۇشتۇردى. بۇ زادى تاساددىپىي ماس كېلىپ قالغانلىقمۇ ياكى بۇنىڭدا ھەقىقەتەن چوڭقۇر ھېكمەت بارمۇ؟ تەتقىقاتچىلار زادى بۇرۇنقىلار بايقاپ باقمىغان ئىشلارنى بايقاپ، يوشۇرۇن ھېكمەتلەر ئۈستىدە ئىزدىنىپ، ۋەھيىلەرنىڭ سىرىنى چۈشىنىپ يېتىۋاتامدۇ ياكى مېغىزىنى تاشلاپ، شاكىلىغا ئېسىلىۋېلىپ، شەكىلۋازلىق ھالدا ئىلىم بىلەن شوغۇللىنىشتەك مۇشكۈلات ئىچىگە كىرىپ قېلىۋاتامدۇ؟ بۇنىڭغا جەمئىيەتتە بولۇۋاتقان ئىنكاس تازا بىردەك ئەمەس. ئوقۇرمەنلەر زادى بۇنىڭغا قوشۇلۇش، گۇماندا بولۇش ياكى بۇنى ئىنكار قىلىش كېرەكمۇ دېگەن مەسىلىدە خىلمۇخىل پىكىرلەردە بولۇپ، ئورتاق قاراش ھاسىل قىلالمايۋاتىدۇ.

(ئۈچىنچى مىسال) ئايەتلەردىكى سانلارنىڭ ھەسسىلىك سانى ئارقىلىق ئايەتلەرنى شەرھلەش ۋە چۈشىنىش تېخىمۇ بىر يېڭى يول بولۇپ قالدى.

مەسىلەن، ’’تارتقۇلۇق‘‘ مەنىسىنى بېرىدىغان ’’جازا‘‘ (ئەرەبچە ’’الجزأ‘‘) سۆزى ئۇنىڭدىن ياسالغان سۆزلەر بىلەن قوشۇلۇپ ئايەتلەردە 117 يەردە چېلىقىدۇ؛ ’’ئەپۇ قىلىش، كەچۈرۈش‘‘ مەنىسىدىكى ’’مەغفىرەت‘‘ (ئەرەبچە ’’المغفرة‘‘) ۋە ئۇنىڭدىن ياسالغان سۆزلەر بولسا، دەل ئۇنىڭدىن بىر ھەسسە ئارتۇق بولۇپ، 234 يەردە چىقىدىكەن، بۇنى بايقىغۇچىلارنىڭ قارىشىچە، بۇ نىسبەت سان شۇنى بىلدۈرىدۇكى، ئاللاھ تائالانىڭ مۇكاپات ۋە جازاسى ناھايىتى ئېنىق ۋە ئادىل، ئەمما بارلىق بەندىلەرگە بولغان شەپقەت ۋە مېھرىبانلىق جەھەتتە تېخىمۇ كۆپرەك كەڭ قورساقلىق قىلىدۇ، شۇڭا ’’مەغفىرەت‘‘ نىڭ قۇرئاندا چىققان قېتىم سانى ’’جازا‘‘ دىن بىر ھەسسە كۆپ بولغان. ئەمەلىيەتتە ’’مەغفىرەت قىلغۇچى‘‘ دېگەن بۇ سۆز ئاللاھنىڭ سۈپىتىنى بىلدۈرىدىغان نۇرغۇن گۈزەل ناملارنىڭ بىرى سۈپىتىدە «قۇرئان كەرىم» دە كۆپلەپ چېلىقىدۇ، باش كېلىش، چۈشۈم كېلىش شەكلىدە 96 قېتىم كۆرۈلىدۇ. 40-سۈرىنىڭ سۈرە نامىمۇ شۇ سۆز بىلەن ئاتالغان.

(تۆتىنچى مىسال) رەقەملەر دىنىي رەسمىيەتلەردىكى بىر قانچە كونكرېت تەپسىلاتلار بىلەن زىچ ئالاقىلاشتۇرۇلۇپ شەرھلەنگەن.

مەسىلەن، مۇسۇلمانلار ئادەتتە كۈنىگە بەش ۋاق ناماز ئوقۇيدۇ. ناماز «قۇرئان كەرىم» دە پەقەت پرىنسىپال بەلگىلەنگەن بولۇپ، بەش قېتىم دەپ ئېنىق دېيىلمىگەن. رەقەم تەتقىقاتچىلىرىنىڭ بايقىشىچە، ناماز رەسمىيىتى قۇرئاندا ئىسىم سۈپىتىدە گەرچە ’’سالات‘‘ (ئەرەبچە ’’الصلاة‘‘) دېگەن بىرلىك سۆز ھالىتىدە 80 قېتىمغا يېقىن كۆرۈلگەن بولسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭ كۆپلۈك شەكلى ’’سەلاۋات‘‘ (ئەرەبچە ’’الصلوات‘‘) پەقەت بەش قېتىم كۆرۈلىدۇ، بۇ دەل كۈندە ئوقۇلىدىغان بەش قېتىملىق نامازدىن يەنى بامدات، پېشىن، دىگەر، شام، خۇفتەن نامازلىرىدىن بىشارەتتۇر.

يۇقىرىدىكى تەپەككۇر بويىچە مۇلاھىزە قىلغاندا «قۇرئان كەرىم» دە ’’نامازنى ئادا قىلغىن (ياكى قىلىڭلار)‘‘ دېگەن قىسقا جۈملە 17 قېتىم كۆرۈلىدۇ، تەفسىرچىلەرنىڭ قارىشىچە، بۇ دەل كۈنلۈك بەش ۋاخ نامازدىكى پەرزلەرنىڭ رەكئەت سانىنىڭ يىغىندىسىنى ئىپادىلەيدۇ. چۈنكى بەش ۋاق نامازدىن: بامداتتا ئىككى رەكئەت، پېشىندە تۆت رەكئەت، دىگەردە تۆت رەكئەت، شامدا ئۈچ رەكئەت، خۇفتەندە تۆت رەكئەت پەرز ناماز بولۇپ، ئۇلارنىڭ يىغىندىسى 17 رەكئەتتۇر.

ئەگەر موشۇ تەپەككۇر بويىچە داۋاملىق مۇلاھىزە قىلىنسا، يەنە شۇنى بايقىغىلى بولىدۇكى، ''سەجدە''(ئەرەبچە''السجدة'') دېگەن بۇ سۆز يىلتىزىدىن ياسالغان پېئىللار«قۇرئان كەرىم»دە جەمئىي 34 قېتىم چېلىنىدۇ. سەجدە قىلىش رەسمىيىتى بولسا، ھەر بىر رەكئەت نامازدا ئۇدا ئىككى قېتىمدىن بولىدۇ، يۇقىرىدىكى 34 قېتىم دەل 17 رەكئەت پەرز نامازدىكى سەجدىنىڭ يىغىندىسىدۇر. بۇنداق مىساللار ناھايىتى كۆپ. ئوقۇرمەنلەر پەقەت بۇ سانلارنىڭ سىرىنى يېشىش قانۇنىيىتىنى ئىگەللەپ ياكى پىششىق بىلىپ ئالسىلا، موشۇ خىلدىكى چۈشەندۈرۈشلەرنى ئەقىلغا مۇۋاپىق بولۇپ، ئۆزگىچىلىككە ئىگە ئىكەن دەپ قارىشى مۇمكىن (موشۇ باپتىن باشلاپ ئېلىنغان سانلىق دەلىللەر دوكتور ھەمدىنىڭ «چىرايلىق ئىبارىلەر ۋە رەقەملەردىن <قۇرئان كەرىم> مۆجىزىلىرىگە بىر نەزەر»{1991-يىل دەمەشىقتە نەشر قىلىنغان} دېگەن ئەسىرىدىن ئېلىندى).

يۇقىرىدا نەقىل ئېلىنغان مىساللاردا ئاساسەن«قۇرئان كەرىم» دىكى بەزى سۆزلۈك ياكى قىسقا جۈملىلەرنىڭ سانلىق مەلۇماتلىرى دىنىي رەسمىيەت ياكى كۈندىلىك تۇرمۇش بىلىملىرى بىلەن ئالاقىلاشتۇرۇلۇپ، ۋەھىيلەرنىڭ ئاجايىپ سىرلىرى نامايان قىلىنماقچى بولغان. بۇ «قۇرئان كەرىم»نى تەفسىرلەش ۋە تەتقىق قىلىشتىكى بىر خىل يېڭى يۈزلىنىش بولۇپ، كىشىلەرنىڭ دىققەت-ئېتىبارىنى قوزغاۋاتىدۇ. بۇ بىر خىل يېتەكچىلىكمۇ؟ بىر خىل يېتەكچىلىك بولۇپ شەكىللىنەمدۇ؟ بۇنى يېڭى تەتقىقات ئۇسۇلى دەپ ھېسابلىغىلى بولامدۇ؟ بۇ ھەقتە يەكۈن چىقىرىش ھەر ھالدا تېخى بەك بالدۇر.

لېكىن رەقەملەرنى يىپ ئۇچى قىلىدىغان، سانلىق مەلۇماتنى ھېسابلاپ چىقىدىغان، تەسەۋۋۇرغا ئاساسلىنىدىغان، كەڭ دائىرىدە ئالاقىلاشتۇرىدىغان بىر خىل كەيپىيات ھەقىقەتەن كېڭىيىۋاتىدۇ. يالغۇز«كومپيۇتېردىكى <قۇرئان كەرىم>» دېگەن تېمىدىكى ئوخشاش رىسالىلەر، نەشر بويۇملىرى ئۈزۈلمەي مەيدانغا كېلىپ، كەڭ تارقىلىۋاتىدۇ. بۇلارنى قولىمىزغا ئېلىپ كۆرسىتىمىزلا، سىزگە يولۇقىدىغان سان-رەقەملەر كۆزلىرىڭىزنى ئالىچەكمەن قىلىدۇ.

بۇنىڭ ئىچىدە زىلزىلە پەيدا قىلغان ھەم كىشىلەرگە ئالاھىدە سېزىلگىنى «قۇرئان كەرىم»دىكى سۈرە «مۇدەسسىر»{74-سۈرە}نىڭ 30-ئايىتىدە تىلغا ئېلىنغان''19''دېگەن ساننىڭ شەرھلىنىشىدۇر. بۇ ئايەتتە پەقەت''ئۇنىڭغا 19 پەرىشتە مۇئەككەلدۇر''دېيىلگەن. ئۇنىڭدىن كېيىنكى ئايەتكە ئاساسەن، كىشىلەر بۇ بەلكىم دوزاخنى باشقۇرىدىغان پەرىشتىلەرگە قارىتىلغان بولۇشى مۇمكىن، دەپ پەرەز قىلىشىدۇ. موشۇ ''19'' دېگەن سان خىلمۇخىل چۈشەندۈرۈشلەرنى كەلتۈرۈپ چىقارغان، بۇ ھەقتە تەفسىر قىلغۇچىلار كەينى-كەينىدىن ئوتتۇرىغا چىقىپ، ھەر قايسىسى ئۆزلىرىنىڭ ئەسەرلىرىنى يازغان، بۇلار ھەقىقەتەن كىشىنى بىرەر خۇلاسىگە كېلىشكە تەڭلىكتە قالدۇرىدۇ. ھالبۇكى، يېقىنقى يىللاردىن بېرى كومپيۇتېردىكى سانلىق مەلۇماتلارغا تايىنىپ قىلىنغان قىياسلاردا ''19'' دېگەن بۇ رەقەمنى چۆرىدىگەن ھالدا،«قۇرئان كەرىم»دىكى نۇرغۇن رەقەملەرنىڭ ھەممىسىنىڭ ''19''بىلەن ئالاقىدار ئىكەنلىكى، ئۇلارنىڭ ھەممىسى ''19 ''نىڭ بىر مۇنچە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىغانلىقى بىر تالاي سانلىق مەلۇماتلار بىلەن چۈشەندۈرۈلۈۋاتىدۇ، مەسىلەن، «قۇرئان كەرىم»دە ئاللاھنىڭ سۈپىتىنى بايان قىلىدىغان ''رەھمان''(ئەرەبچە''الرحمن'')دېگەن سۆز 57 قېتىم كۆرۈلگەن بولۇپ، بۇ ''19''نىڭ ئۈچ ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن؛ يەنە بىر''رەھىم''(ئەرەبچە''الرحيم'') دېگەن سۆز بولسا، جەمئىي114قېتىم كۆرۈلۈپ،''19''نىڭ ئالتە ھەسسىسىگە توغرا كېلىدىكەن، ۋاھاكازالار، بۇ رەقەم بارغانسېرى سىرلىق قىلىپ سۆزلىنىۋاتىدۇ.

ئىنچىكە ئىش كۆرىدىغان كۆپ ساندىكى مۇسۇلمان ئالىم-ئۆلىمالار«قۇرئان كەرىم»نى تەفسىرلەشنىڭ نوپۇزلۇق ئاساسى ئالدى بىلەن«ھەدىس شەرىف» بولۇشى، ئاندىن ساھابىلارنىڭ كۆز قاراشلىرى بولۇشى لازىملىقىنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بولۇپمۇ كېيىنكى قاراشتىكىلەر تەسىرى بار، جەمئىيەت

www.uyghurkitap.com

ئېتىراپ قىلىنىۋاتقان مۆجىزىلەردۇر. گەرچە شەخسلەرنىڭ ئەستايىدىل ئۆگىنىپ ھاسىل قىلغان تەسىراتلىرى مۇتلەق ئىنكار قىلىنمىسىمۇ، ئەمما ئۇنىڭغا ئاسانلىقچە قارىغۇلارچە ئەگىشىپ كېتىشكىمۇ بولمايدۇ. ئەھۋالدىن قارىغاندا، «قۇرئان كەرىم»نى سانلىق مەلۇمات نۇقتىسىدىن كۆزىتىش ۋە شەرھلەش ئىستىلى پەقەت بىر خىل خاھىش بولۇپ، ھەرگىز يېتەكلىگۈچى ئەمەس، ئۇنى تىرىشىش نىشانىسى دەپ قاراشقىمۇ بولماسلىقى مۇمكىن.

(داۋامى كېيىنكى سانلاردا بېرىلىدۇ)

(تەرجىمە قىلغۇچى: شەمشىدىن ھاجى)

## مەھرى (تويلۇق) توغرىسىدا

ئىسلام دىنى ئاياللارنىڭ ھەق-ھوقۇقىنى كاپالەتكە ئىگە قىلىش ۋە ئۇلاردىن ھالال مەنپەئەتلىنىش ئۈچۈن، ئاياللارغا تويلۇق بېرىشنى ئەرلەرنىڭ ئۈستىگە پەرز قىلىپ بېكىتكەن. لېكىن ئىنسانلارنىڭ ياشاش دەۋرى، ئىقتىسادىي ئەھۋالىنىڭ ئوخشاش بولماسلىقىنى نەزەردە تۇتۇپ، تويلۇقنىڭ مىقتارىنى ئېنىق بەلگىلىمىگەن. مانا بۇ ئىسلام شەرىئىتىنىڭ دەۋرچانلىق ئالاھىدىلىكى بولۇپ، نىكاھلانماقچى بولغان ھەر بىر ئەر-ئايال ئۆز ئىقتىدارى ئەھۋالىغا قاراپ، تويلۇق سېلىشقا، ئېلىشقا ھەقلىق بولىدۇ. «قۇرئان كەرىم» دىن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرىدىن ئاز-كۆپ بولۇشىدىن قەئىينەزەر، ئايال رازى بولغان ھالال دائىرىدىكى ھەر قانداق نەرسىنىڭ تويلۇققا يارايدىغانلىقىنى كۆرۈۋالالايمىز. «قۇرئان كەرىم»دە مۇنداق دېيىلگەن: '' **ئاراڭلاردىكى بويتاق ئەر-ئاياللارنىڭ، ياخشى قۇل ۋە ياخشى چۆرىلەرنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇڭلار، ئەگەر ئۇلار يوقسۇل بولىدىغان بولسا (ئۇلارنىڭ يوقسۇزلىقى سىلەرنىڭ ئۇلارنىڭ بېشىنى ئوڭلاپ قويۇشۇڭلارغا توسقۇن بولمىسۇن) ئاللاھ ئۇلارنى ئۆز كەرىمى بىلەن باي قىلىدۇ. ئاللاھنىڭ كەرىمى كەڭدۇر، ئاللاھ بەندىلەرنىڭ مەنپەئەتىنى بىلگۈچىدۇر**'' «نۇر»سۈرىسى{24-سۈرە}، 32-ئايەت).مانا بۇ ئايەتتىن نىكاھ ۋە تويلۇقنىڭ پەرز ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ. تۆۋەندىكى ھەدىسلەرگە نەزەر سالايلى:

1) بەنى فىزار قەبىلىسىدىن بىر ئايال بىر جۈپ كەش تويلۇققا نىكاھلاندى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالغا قاراپ:''چىن كۆڭلۈڭدىن رازى بولدۇڭمۇ؟''دەپ سورىدى. ئۇ ئايال:''ھەئە''دەپ جاۋاب بەردى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇ ئايالنىڭ نىكاھىغا يول قويدى ( ئىمام ئەھمەد تىرمىزى، ئىبنى ماجە رىۋايىتى) .

2) ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىم رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۆز ساھابىلىرىدىن بىرسىنىڭ تويلۇقى ئۈچۈن تۆمۈر ئۈزۈكمۇ تاپالمىغاندا ، قۇرئان ئۆگىتىپ قويۇش بەدىلىگە نىكاھلاپ قويغانلىقى ئېنىق سۆزلەنگەن.

3) ئەنەس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنغان بىر ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن:''ئەبا تەلھە ئۇممۇ سولەيىم دېگەن ئايالغا سۆز سالدى. ئۇ ئايال:' سېنى قايتۇرۇۋاتقىنىم يوق، بىراق سەن مۇشرىك. مەن مۇسۇلمان، مېنىڭ سەن بىلەن نىكاھلىنىشىم ھالال ئەمەس، ئەگەر سەن مۇسۇلمان بولساڭ سېنىڭ مۇسۇلمان بولۇشۇڭ مېنىڭ تويلۇقۇم بولۇپ قالسۇن، باشقا نەرسە تەلەپ قىلمايمەن (بىز موشۇنداق نىكاھلىنايلى) 'دېدى''. ئەبۇ تەلھەنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى ئۇممۇ سولەيىمنىڭ تويلۇقى بولدى.

ئۇمۇمەن قىلىپ ئېيتقاندا مەيلى ئاز، مەيلى كۆپ ماددىي ۋە مەنىۋىي مەنپەئەتلەرنىڭ ھەممىسى ئايال رازى بولغان شەرت ئاستىدا تويلۇققا يارايدۇ.

(ياقۇپ ئوسمان)

# «رەھمان» سۈرىسىدە قوللىنىلغان تەكرارلاش ئۇسۇلى توغرىسىدا قىسقىچە مۇلاھىزە

جارۇللا يۈسۈپ

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

تەكرارلاش — ئىستىلىستىكىلىق ۋاستىلارنىڭ بىرى بولۇپ، ئوخشاش بىر سۆز، ئوخشاش بىر جۈملە ياكى ئوخشاش بىر ئابزاسنى تەكرارلاش ئارقىلىق پىكىر ۋە ھېسسىياتنى كۈچلۈك ئىپادىلەشكە ماسلىشىدىغان ۋە مەلۇم نۇقتىنى تەكىتلەپ كىتابخانلارنىڭ تەسىراتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشقا ياردەم بېرىدىغان ئىپادىلەش ئۇسۇلىنى كۆرسىتىدۇ. بۇ خىل ئۇسۇل ئىپادىلىمەكچى بولغان پىكىرنى تەكىتلەپ كۈچەيتىپ بېرىشكە، بۇ ئارقىلىق مەركىزىي ئىدىيىنى چوڭقۇر ئىپادىلەشكە ياردەم بېرىدۇ. بۇنىڭ بىلەن ئەسەرنىڭ تەسىرچانلىقى تېخىمۇ كۈچىيىدۇ.

«قۇرئان كەرىم» دە تەكرارلاش كۆپ ئۇچرايدۇ، مەيلى بىر پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» ياكى بىرلا سۈرە دائىرىسىدىن بولسۇن، تەكرارلاش كەڭ قوللىنىلغان. تەكرارلاش شەكىللەندۈرگەن ئوبيېكتلارنىڭ تۈزۈلۈشىدىن قارىغاندا، قۇرئاندىكى ئايەتلەرنىڭ تەركىبىي قىسمى بولغان سۆزلەر، ئايەتلەرنىڭ بۆلىكى (پارچىسى) بولغان سۆز بىرىكمىلىرى ۋە جۈملىلەر، ھەتتا بىر پۈتۈن ئايەتلەرمۇ ھەر خىل شەكىللەردە (ئۇلاپ ۋە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ) تەكرارلىنىپ كەلگەن. بىر پۈتۈن «قۇرئان كەرىم» گە نىسبەتەن ئېيتقاندا، ''**ئاللاھ تەۋبىنى بەكمۇ قوبۇل قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر**'' دېگەن جۈملە ئايەت بۆلىكى تەرىقىسىدە باشتىن ئاخىر ئايەتلەرنىڭ ئاخىرىغا قوشۇلۇپ 70 قېتىم تەكرارلانغان بولۇپ، بەزى سۈرىلەردە بىر قانچە قېتىم تەكرارلانغان، بەزى سۈرىلەردە بىرەر قېتىممۇ تەكرارلانمىغان. مەسىلەن: 4-سۈرە «نىسا»دا توققۇز قېتىم، 33-سۈرە «ئەھزاب»تا بەش قېتىم تەكرارلانغان؛ 6-سۈرە «ئەنئام» ۋە 65-سۈرە «تەلاق»تا تەكرارلانمىغان.

ئۇنىڭدىن باشقا 77-سۈرە «مۇرسەلات»تا ''**بۇ كۈندە (ئۇ كۈنى) ئىنكار قىلغۇچىلارغا ۋاي!**'' جۈملىسى مەخسۇس ئايەت تەرىقىسىدە، ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ ئون قېتىم تەكرارلانغان. 75-سۈرە «قىيامەت»تە ''**ۋاي سېنىڭ ھالىڭغا!**'' جۈملىسى ئايەت بۆلىكى تەرىقىسىدە 34-، 35-ئايەتلەردە كەينى-كەينىدىن تۆت قېتىم ئۇلاپ تەكرارلانغان. 91-سۈرە «شەمس»تە ''قەسەمكى'' سۆزى ئايەتنىڭ تەركىبى سۈپىتىدە بىرىنچىدىن سەككىزىنچىگىچە بولغان ئايەتلەردە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ يەتتە قېتىم تەكرارلانغان. بۇنىڭدىن باشقا يەنە ھەر خىل شەكىللەردە كەلگەن نۇرغۇن تەكرارلاشلارنى ئۇچرىتىش مۇمكىن. ئۇنداقتا تەكرارلاش ۋاستىسىنىڭ «قۇرئان كەرىم» سۈرە-ئايەتلىرىدىكى تەسىرى ھەم رولى قانداق؟

تۆۋەندە «رەھمان» سۈرىسىدىكى تەكرارلاش ۋاستىسىنى ئەمەلىي مىسال ئارقىلىق تەھلىل قىلىپ كۆرەيلى:

«قۇرئان كەرىم» دىكى «رەھمان» سۈرىسى مەدىنىدە نازىل بولغان 55-سۈرە بولۇپ، جەمئىي 78 ئايەتتىن تەركىب تاپقان. سۈرىدە ''(**ئى ئىنسانلار! جىنلار!**) **پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار**

ئۇيغۇر كىتاب تورپىكتى www.uyghurkitap.com

**قىلىسىلەر؟»** دېگەن جۈملە مەخسۇس ئايەت تەرىقىسىدە ئارىلىق قالدۇرۇلۇپ تەكرارلانغان بولۇپ، سۈرىنىڭ 13-، 16-، 18-، 21-، 23-، 25-، 28-، 30-، 32-، 34-، 36-، 38-، 40-، 42-، 45-، 47-، 49-، 51-، 53-، 55-، 57-، 59-، 61-، 63-، 65-، 67-، 69-، 71-، 73-، 75- ۋە 77- ئايەتلىرىنى تەشكىل قىلغان ھەم پۈتۈن سۈرىدە 31قېتىم تەكرارلانغان. «رەھمان»سۈرىسىنى تەكرارلاش ئەڭ كۆپ قوللىنىلغان سۈرە دېيىشكە بولىدۇ.

تەكرارلانغان ئايەت سۈرە مەزمۇنىدا باشتىن ئاخىر تەكىتلەنمەكچى بولغان ئاساسىي نۇقتا، ئاساسىي پىكىر بولۇپ، سۈرە مەزمۇنىنى تەكرارلانغان ئايەتنىڭ ئىسپاتلىنىش يۆلىنىشى بويىچە تۆت بۆلەككە بۆلۈپ كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

1-بۆلەكتە (1—25-ئايەتلەر) ئاللاھنىڭ ئىنسانلارنى زېمىنغا ئاپىرىدە قىلغانلىقى، شۇنىڭدەك ئۇلارنى باشقا مەخلۇقاتلاردىن پەرقلەندۈرگەن ئاساستا ئىلىم ئۆگىنىش ۋە سۆزلەشكە تىل ئاتا قىلىپ، كائىناتتىكى بارلىق شەيئىلەرنى ئۇلار ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ رىزىقلاندۇرغانلىقى زىكرى قىلىنغان. شۇنداقلا، ئىنسانلارنى مەرھەمەتلىك ئاللاھنىڭ بەرگەن نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىشتىن ساقلىنىشقا ئاگاھلاندۇرغان.

2-بۆلەكتە (26—34-ئايەتلەر) ئاللاھ ئۆزىنىڭ قۇدرەت كامالىنى بايان قىلىپ، ئاخىرەت كۈنى زېمىندىكى پۈتكۈل شەيئى، مەۋجۇداتلارنىڭ يوق قىلىنىدىغانلىقى، ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلغانلارنىڭ ھېچيەرگە قېچىپ كېتەلمەيدىغانلىقى ۋە ئۇلاردىن چوقۇم ھېساب ئېلىنىدىغانلىقى زىكرى قىلىنغان.

3-بۆلەكتە (35—45-ئايەتلەر) ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلماي، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشتىن قورقماي ئاللاھقا ئاسىي بولغۇچىلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچراپ، دوزىخى بولىدىغانلىقى ۋە دوزاختا ئازابلىنىدىغانلىقى ئىزاھلانغان.

4-بۆلەكتە (46—78-ئايەتلەر) ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئاتا قىلغان مۆجىزىلىك نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلغان، ئاللاھنىڭ ئالدىدا ھېساب بېرىشتىن قورققان، ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان كەلتۈرگەن، ئاللاھنىڭ قۇدرەت كامالى ۋە مېھىر-شەپقىتىنى ئەستىن چىقارمىغان مۆمىنلەرگە كەلگۈسىدە ئېرىشىدىغان دەرىجىسى، مەرتىۋىسى ۋە جەننەت مەئىشەتلىرىدىن ئالدىن خەۋەر بېرىپ، مۆمىنلەرگە ۋەدە بەرگەن.

شۇنى ئەسكەرتىش كېرەككى، ئاللاھ تائالا نېمە ئۈچۈن ئاللاھ تائالاغا ئاسىي بولغۇچىلارنىڭ دوزاختىكى ھالىتىنى قىسقا، مۆمىنلەرنىڭ جەننەتتىكى ھالەتلىرىنى تەپسىلىي زىكرى قىلىدۇ؟ بۇ سوئالغا جاۋاب بېرىشتە يەنىلا بىردىنبىر قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھنىڭ مەرھەمەتلىكلىكىنى، بەندىلىرىنى جازالاشقا ئالدىراپ كەتمەيدىغان شەپقەتلىكلىكىنى، بەندىلىرىنىڭ ھىدايەت يولىدا مېڭىشىغا تەشنا ئۇلۇغ قۇدرەت ئىگىسى ئىكەنلىكىنى ئاساسىي نۇقتا قىلىش كېرەك، ئەلۋەتتە.

يۇقىرىقى مەزمۇنلار ئاساسىدا «رەھمان» سۈرىسىدە ئالغا سۈرۈلگەن مەركىزىي ئىدىيىنى مۇنداق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:

سۈرىدە ھەممىگە قادىر قۇدرەت ئىگىسى ئاللاھ تائالانىڭ ئىنسانلارغا قىلغان رىتورىك سوئالى [(ئى ئىنسانلار! جىنلار!) پەرۋەردىگارىڭلارنىڭ قايسى نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىسىلەر؟] ئاساسىي نۇقتا قىلىنىش ئارقىلىق ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى ئىنكار قىلىپ، ئاللاھقا ئاسىي بولغۇچىلارنىڭ ئاللاھنىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغانلىقى؛ ئاللاھنىڭ نېمەتلىرىنى

ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھقا بويسۇنغۇچىلارنىڭ ئاللاھ تائالانىڭ مېھىر-شەپقىتىگە ئېرىشىپ، مۇكاپاتلارغا ئىگە بولىدىغانلىقى ئەكس ئەتتۈرۈلگەن بولۇپ، ئاللاھنىڭ يارىتىپ بەرگەن مۆجىزىلىك نېمەتلىرىنى ئېتىراپ قىلىپ، ئاللاھنىڭ ئەمرى بويىچە ھىدايەت يولىغا مېڭىشنىڭ زۆرۈرلىكى بايان قىلىنغان.

ئەمدى، «رەھمان» سۈرىسىدىكى تەكرارلانغان ئايەتنىڭ تەسىرى ۋە رولىنى كۆرۈپ باقايلى:

«رەھمان» سۈرىسىدىكى تەكرارلانغان ئايەت مەزكۇر سۈرىنىڭ مەزمۇنى ۋە مەركىزىي ئىدىيىسىنىڭ مۇھىم نۇقتىسى بولۇپ، ئاللاھ تائالادىن سوئال مەنىسىدە بىۋاسىتە ئېيتىلغاچقا قاراتمىلىقى ئىنتايىن كۈچلۈك. شۇڭا بۇ ئايەتنى ئوقۇغان ئادەم ئىختىيارسىز چۆچۈيدۇ، قورقىدۇ، ئويلىنىدۇ. ئاللاھنىڭ كائىناتتا يارىتىپ بەرگەن سانسىز نېمەتلىرى —(«رەھمان» سۈرىسىنىڭ بېشىدا ئېيتىلغاندەك) ''كەڭ كەتكەن، كۆز يەتكۈسىز ئېتىزلاردا يېيىلىپ ياتقان زىرائەتلەر، ئىنسان ئايىغى تەگمىگەن تەبىئىي ئورمانلىقلار ۋە ئۇنىڭ ئىچىدىكى تۈرلۈك-تۈمەن ھايۋانلار، چەكسىز كەتكەن خىلمۇ خىل ئۆسۈملۈكلەر بىلەن قاپلانغان يايلاقلاردا ئوتلاپ يۈرگەن پادىلار، تۇۋرۇك ياكى يىپسىز ھالدا ئەرشكە مۇئەللەق ئېسىلغان، كېچە-كۈندۈز ئالمىشىپ، توختاۋسىز ھەرىكەتلىنىۋاتقان ئاي ۋە قۇياش، ئاللاھنىڭ كارامەتلىك مۆجىزىلىرىنى ئۆزىگە مۇجەسسەملىگەن خىسلەتلىك دېڭىزلار ۋە ئۇنىڭ تېگىدە تاش ئورنىدا ياتقان قىممەت باھالىق جاۋاھىرات-مارجانلار، دېڭىزلاردا قاتناۋاتقان تاغدەك كېمىلەر...'' كۆڭۈل ئېكرانىدا پەيدا بولىدۇ ھەمدە كىشىنى ئاللاھ تائالاغا ئىختىيارسىز ھەمدۇ-سانا ئېيتقۇزىدۇ. بۇنىڭدىكى بىر سەۋەب شۇكى، بۇ سۈرىدە تەكرارلاش ۋاستىسى قىلىنغان ئايەت تولىمۇ ياخشى تاللانغان ۋە قايتا-قايتا تەكرارلىنىپ سۈرىنىڭ تەسىرچانلىقى ئاشۇرغان.


سۈرىدە تەكرارلاش دەسلەپتە ئاز ئىشلىتىلگەن (بىر قانچە ئايەتتىن كېيىن بىر تەكرارلانغان) بولغاچقا كىشىگە ئاگاھلاندۇرۇش تۇيغۇسى بېرىدۇ، كېيىن تەكرارلاش كۆپەيگەنچە سۈرە كەسكىنلىك، قەتئىيلىك تۈسىنى ئېلىپ، تەسىرچانلىقى پەيدىنپەي ئېشىپ بارىدۇ، سۈرە مەزمۇنىمۇ كىشىگە زوق بېغىشلايدۇ. بولۇپمۇ 46-ئايەتتىن 78-ئايەتكىچە بولغان ئايەتلەرنىڭ ئادەمگە بېرىدىغان گۈزەللىك تۇيغۇسى ھەر بىر تەكرارلاشتىن كېيىن بىر چوڭقۇرلىشىپ، ئادەمگە گۈزەللىك، مول مەئىشەت بىلەن تولغان جەننەتنى تەسەۋۋۇر قىلغۇزىدۇ، سېغىندۇرىدۇ، جەننەتكە ئىنتىلدۈرىدۇ ھەم ئۇنىڭغا ئېرىشىشكە بەل باغلاش ئارزۇسىنى كۈچەيتىدۇ.

«رەھمان» سۈرىسىدە سۈرە مەزمۇنى تەكرارلانغان ئايەتنى باشتىن ئاخىر مۇھىم نۇقتا قىلغان، شۇنداقلا سۈرىدىكى باشقا ئايەتلەرنىڭ ھەممىسى تەكرارلانغان ئايەتنى ئىسپاتلاش ۋە گەۋدىلەندۈرۈش ئۈچۈن خىزمەت قىلغان. تەكرارلانغان ئايەتمۇ ئۆز نۆۋىتىدە مۇھىم مەزمۇن ۋە نېگىزلىك ئىدىيىنى يورۇتۇشتا تۈرتكىلىك رول ئوينىغان ھەمدە سۈرە مەزمۇنىنىڭ بارغانچە كېڭىيىشى ۋە چوڭقۇرلىشىشىغا بىۋاسىتە تەسىر كۆرسەتكەن. تەكرارلاشنىڭ سانى، زىچلىقى ئاشقانچە سۈرىنىڭ تەسىرچانلىقى كۈچىيىپ، تەكىتلەنگەن نۇقتا (تەكرارلانغان ئايەت) كە بولغان چۈشەنچە، كۆز قاراش تاكامۇللاشقان.

تەكرارلانغان ئايەتنىڭ ئوينىغان رولى ۋە تەسىرى بويىچە «رەھمان» سۈرىسىنىڭ ئاللىغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىسىنى


ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

تۆۋەندىكى سخېما بىلەن ئوچۇق كۆرسىتىشكە بولىدۇ:




بىز يۇقىرىدا «رەھمان» سۈرىسىنىڭ مەزمۇنى ۋە ئالغا سۈرمەكچى بولغان ئىدىيىسى ئاساسىدا تەكرارلاشنىڭ سۈرىگە كۆرسەتكەن تەسىرى ۋە رولىنى كۆرۈپ ئۆتتۇق. يۇقىرىقى ئەمەلىي مىسال ۋە پۈتۈن «قۇرئان كەرىم»دە قوللىنىلغان تەكرارلاش ۋاستىلىرىدىن تۆۋەندىكىدەك خۇلاسىنى چىقىرىش مۇمكىن: ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ بۈيۈك كالامى «قۇرئان كەرىم»دە ئاساسەن، ئىنسانلارنىڭ سەل قارىشى ئېھتىمالى بولغان، ئاسانلىقچە چۈشىنىپ كېتەلمەيدىغان، مەزمۇنى كۆپ قاتلاملىق ۋە مۇرەككەپ بولغان، كەسكىن تەرىقىدە چۈشكەن سۈرە-ئايەتلەردە تەكرارلاش مەركەزلىك ۋە ئۇقتىلىق قوللىنىلغان. قىسقىسى، ھەممىگە قادىر ۋە قۇدرەتلىك ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ھېكمىتىنى نامايان قىلىپ، بىز ئاجىز بەندىلىرىنىڭ قۇرئاننى تولۇق، ئېنىق ۋە تەسىرلىك چۈشىنەلىشىمىزگە ئاسانلىق يارىتىپ بەرگەن.

(ئاپتور: گوچۇڭ ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)



سالام سۆزىگە مەدھىيە

ئابلەت روزىيوپ

سالام ھۆرمەتنى بىلگەن مۇسۇلمان،
ئىززەت-ھۆرمەتكە سازاۋەر ھامان.
سالام دوستلۇقنىڭ يولىنى ئاچار،
دۇنياغا مۆمىنلىك نۇرىنى چاچار.
سالامنى دوست تۇتقان شاپائەتلىكتۇر،
ئىل ئارا خۇشپېئىل، ساخاۋەتلىكتۇر.
سالام ھاكاۋۇرلۇقنى سەت كۆرسىتەر،
تەقۋالىق، ئىناقلىققا يول كۆرسىتەر.
سالام ئىتتىپاقلىقنىڭ بەخت ئىشىكى،
دۇنيا ئاسايىشنىڭ ئىللىق بۆشۈكى.
‘‘ئەسسالام’’ ئەخلاقنىڭ ئۇلىنى ياسار،
سالامسىز ‘‘كاللا’’لارغا يۈگەن سالار.
‘‘ئەسسالام’’ ئەمىنلىك ئېلىپ كېلىدۇ،
ئىنسانلار ئۇنىڭدىن بەھرى ئالىدۇ.

(تەھرىرلىگۈچى: ئەنۋەر مۇھەممەد)

# ھايا توغرىسىدا

تاھىرجان ھاجى ياقۇپ

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

بىز مۇسۇلمانلار ھەر ھالدا پاكلىق بىلەن ياشاپ، ئىجتىھات بىلەن بىلىم ئېلىپ، قەلبىمىزنى ئىلىم نۇرى بىلەن يورۇتۇپ، نەپسىمىزنى ھارامدىن يىغىپ كەلگەندۇق. لېكىن يېقىنقى يىللاردىن بېرى غەرب مەدەنىيىتىنىڭ مىللىي ئېڭىمىزغا شىددەتلىك سىڭىپ كىرىشى نەتىجىسىدە بەزى ئەر-ئايال، قىز-ئوغۇللىرىمىزنىڭ ئەخلاقى چېكىنىپ، ھايانىڭ ئورنىنى بىھايالىق، پاكلىقنىڭ ئورنىنى پاسىقلىق ئىگەللەپ، ھالاللىق بىلەن ھاراملىق ئارىلىشىپ، ئىسلام شەرىئىتىمىزگە ھەم ئەدەب-ئەخلاقىمىزغا يات ئىللەتلەر كۆپىيىۋاتىدۇ. مەن بۇ ماقالىنى قەلبى شەيتانلارچە كېبىر، تەمەننا بىلەن تولۇپ كەتكەن ئاشۇنداق ئازغۇنلارنىڭ قاراڭغۇ دىلىغا ياراتقۇچى ئىگىمىزدىن يورۇقلۇق تىلەپ، شۇنداقلا ئۇلارنىڭ ئىمان-ۋىجدانىغا مەدەت تىلەپ يازدىم. ئاللاھ ھەممىمىزگە ئاسانلىق بەرگەي!

ئى مۇسۇلمانلار! شەكسىزكى، ھايا ئەخلاقلارنىڭ ئەڭ ئېسىلىدۇر ۋە ئىنسانىيەت سۈپىتىنىڭ ئەڭ شەرەپلىكىدۇر. ھەر قانداق بىر كىشىدە ئەخلاق بولىدىكەن ئۇنىڭ ئاساسى ھايادۇر. ئىنسان ھايا ئارقىلىق ئىنسانلىق دەرىجىسىگە يېتىدۇ، ھاياسىزلىق ئىنساننى ھايۋانلىق دەرىجىسىگە چۈشۈرۈپ قويىدۇ. خۇددى قۇرئاندا دېيىلگەندەك: '' **ئۇلار ھايۋانغا ئوخشايدۇ، ھايۋاندىنمۇ بەتتەر گۇمراھدۇر، ئەنە شۇلار غاپىلدۇر** '' («ئەئراف» سۈرىسى {17-سۈرە}، 179-ئايەت). پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: '' **ئەلۋەتتە ئىنساننىڭ بىرىنچى پەيغەمبەرلىك سۆزدىن تاپقىنى <ئەگەر ھايا قىلمىساڭ خالىغىنىڭنى قىل> دېگەن كەلىمىدۇر** ''. ھاياسىزلار خالىغىنىنى قىلىدۇ، ئۇلارنىڭ يۈزىدىن ھايانىڭ جىلۋىسى يوقالغان، ئۇلار دىن ۋە ئادىمىيلىكنىڭ نېمە ئىكەنلىكى بىلەن كارى يوق، ئۇلار ئۆزىنىڭ ئىززەت-ھۆرمىتىنىڭ قوغدىغۇچىسى بولغان ئەخلاق-پەزىلەتنى دەپسەندە قىلىدۇ، شۇ تۇرقىدا ئۇلار ھايۋاندىن ئۆزىنى پەرقلەندۈرمەيدىغان ئادىمىي ھايۋانغىلا ئوخشايدۇ.

دانىشمەن ھەكىملەردىن قالغان بىر گەپتە مۇنداق دېيىلىدۇ: '' ئىنسان خىجىل بولغاندا يۈزى قىزىرىدىغان بىردىنبىر ھايۋان''. ئىنسان ھەقىقەتەن خىجىل بولۇشنى بىلىدىغان بىردىنبىر ئالىي دەرىجىلىك مەخلۇق. خىجىللىق، ھايانى بىلمەيدىغان ئىنسان بەئەينى ھايۋان، بەلكى ھايۋاندىنمۇ بەتتەردۇر. چۈنكى ئاللاھ تائالا ھايۋانلارنى ئاشۇنداق ھاياسىزلىق تەبىئىتى بىلەن ياراتقان، ئىنسانغا بولسا ئەقىل، ھايا ئاتا قىلغان. ئاللاھ تائالا ئىنساننى ياراتقاندا ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ زېمىندىكى خەلىپىسى بولۇشتىن ئىبارەت بۈيۈك بىر غايە ئۈچۈن ياراتقان. قۇرئاندا مۇنداق دېيىلگەن: '' **ئۆز ۋاقتىدا پەرۋەردىگارىڭ پەرىشتىلەرگە: <مەن يەر يۈزىدە خەلىپە (يەنى ئورۇنباسار) يارىتىمەن>**

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

**دېدى**‘‘(«بەقەرە»سۈرىسى، {2-سۈرە}، 30-ئايەت).

ئىنسان ئۆزىنىڭ ئاجىزلىقى تۈپەيلىدىن زېمىنىنىڭ خەلىپىلىك ۋەزىپىسىنى يالغۇز ئادا قىلىپ كېتەلمىدى، شۇنىڭ بىلەن ئاللاھ تائالادىن يەنە ياردەم كەلدى — ئىنسانىنى يارىتىپ ئۇنىڭ پايدا-مەنپەئەتىنى بىلگەچكە، ئىنسانغا شۇ مۇقەددەس ۋەزىپىنى ئادا قىلىش يولىنى، يەنى شەرىئەتنى بەلگىلەپ بەردى. شەرىئەت — ئىلاھىي يولدۇر. ئىسلام شەرىئىتى مۇسۇلمانلارغا هايالىق بولۇشنى كۆپ تەكىتلەيدۇ. ئەگەر ئىنسان بۇ يولدا ماڭسا زېمىنىنىڭ خەلىپىلىكى ۋەزىپىسىنى ياخشى ئادا قىلالايدۇ ۋە بەخت-سائادەتكە ئېرىشەلەيدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، شەرىئەتنىڭ ئاساسلىرىدىن بولغان شەرم-هايا ئادەم ئاتىدىن مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامغىچە ئۆتكەن جىمى پەيغەمبەر بىردەك ۋەسىيەت قىلىپ كەلگەن نېگىزلىك ئەخلاقتۇر. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دەيدۇ: ‘‘**ئەلۋەتتە هەر بىر دىنىنىڭ بىر ئەخلاقى بولىدۇ، ئىسلام دىنىنىڭ ئەخلاقى بولسا هايادۇر**’’. ئىسلام دىنى هايانى ئىماننىڭ بىر جۈملىسىدىن قىلدى. ھەزرىتى قۇررەتە ئىبنى ئەيسادىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ مۇنداق دېگەن: ‘‘**بىز پەيغەمبىرىمىز بىلەن بىرگە ئىدۇق، ئۇنىڭ ئالدىدا هايا زىكرى قىلىندى. ساهابىلارنىڭ بىرسى: ’هايا دىنىنىڭ جۈملىسىدىنمۇ؟‘ دەپ سورىۋىدى، پەيغەمبىرىمىز: ’بەلكى ئۇ دىنىنىڭ ھەممىسى‘ دەپ جاۋاب بەردى**’’.

مۇسۇلمانلار ئۆزىنىڭ ئەخلاقىنى تۈزەشنى ئاۋۋال هايادىن باشلىشى كېرەك. هايانىڭ بىر قانچە مەرتىبىلىرى بار، ئۇنىڭ ئەڭ يۇقىرىسى ئاللاھ تائالادىن هايا قىلىش. ئاللاھ تائالادىن هايا قىلىش ئۇنىڭ بۇيرۇقلىرىغا بويسۇنۇش، توسقانلىرىدىن يىراق بولۇش، پەرز قىلغان ئەمەللىرىنى ياخشى ئورۇنداش بىلەن بولىدۇ. ئاللاھ تائالا ھەممىنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر، ئۇچ كىشى مەخپىي گەپلەشسە ئاللاھ تائالا تۆتىنچىسى بولىدۇ، تۆت كىشى مەخپىي گەپلەشسە ئاللاھ تائالا بەشىنچىسى بولىدۇ... شۇنداقلا ھەممىنى ئاڭلاپ تۇرىدۇ، ئۇلار نەدە بولسا ئاللاھ تائالا ئۇلار بىلەن بىللە بولىدۇ، ئاندىن ئۇلارنىڭ قىلغان ئىشى ئۇلارغا قىيامەت كۈنى خەۋەر قىلىنىدۇ. مۆمىنىنىڭ ئىمانى، ئېگى موشۇ باسقۇچقا يەتكەندە ئۇنىڭ هاياسى ئۇنى ئاللاھ تائالانىڭ غەزىپىگە ئۇچرايدىغان ئىشلارنى قىلىشتىن توسىدۇ، ئاللاھ تائالا پەرز قىلغان ئىشلارنى قىلىشقا ئۈندەيدۇ، شۇنداقلا ئۇنى ئېلىم-سېتىمدا ساختىلىق قىلىشتىن، هارام يېيىشتىن، جازانىخورلۇقتىن، پارىخورلۇقتىن ۋە باشقا هارام قىلىنغان ئىشلاردىن توسىدۇ. ھەزرىتى ئابدۇللا ئىبنى مەسئۇتتىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: ‘‘**پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ’ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي هايا قىلىڭلار‘ دېدى، بىز: ’ئى ئاللاھنىڭ ئەلچىسى، بىز ئاللاھتىن هايا قىلىمىز‘ دېيىشتۇق. پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېدى: ’ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي هايا قىلىش — باشنى ۋە باشتا ساقلانغان نەرسىنى ساقلاش، قورسىقى ۋە قورسىقى ئۆز ئىچىگە ئالغان نەرسىنى ساقلاش، ئۆلۈم ۋە بالا-قازانى ياد ئېتىش. كىمكى ئاخىرەتنى ئويلىسا دۇنيانىڭ زىبۇ-زىننەتلىرىنى تاشلايدۇ، موشۇنداق قىلغان كىشى ئەلۋەتتە ئاللاھ تائالادىن ھەقىقىي هايا قىلغان بولىدۇ‘ دېدى**’’.

ئى مۇسۇلمانلار! مەغپىرەت قىلغۇچى ۋە مەرھەمەت قىلغۇچى ئاللاھ تائالاغا قايتىدىغان، ھېچكىمگە زۇلۇم قىلىنمايدىغان، ھەر كىم ئۆزىنىڭ قىلغان ئىشىنىڭ ھېسابىنى بېرىدىغان كۈندىن قورقۇڭلار! هايا بىلەن زىننەتلىنىڭلار! هايا ئەخلاقىنى چىڭ تۇتۇپ، ئۇنى كېلىچەكتىكى بەخت-سائادىتىڭلارنىڭ ئەڭگۈشتىرى قىلىڭلار! مانا بۇ سىلەرگە پايدىلىقتۇر.

(ئاپتور: شىنجاڭ سوتسىيالىزىم ئىنستىتۇتىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن هاجى)

# مسۋاك ئىشلىتىش (چىش چوتكىلاش)

## مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ بۈيۈك سۈننىتى

ئىسمائىل ياقۇپ

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھايات چېغىدا قىلغان سۆزلىرى، ئىش-ھەرىكەتلىرى ۋە ئۆز ساھابىلىرىنىڭ سۆز-ھەرىكەتلىرىگە سۈكۈت قىلغانلىرى سۈننەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. مىسۋاك ئىشلىتىش (چىش چوتكىلاش) شۇ سۈننەتلەر ئىچىدىكى ئالاھىدە مۇھىم بىر سۈننەت.

مىسۋاك ئىشلىتىش (چىش چوتكىلاش) پەيغەمبىرىمىز تاھارەت ئالغاندىمۇ، ناماز ئوقۇغاندىمۇ، كېچىلىرى تەھەججۇت نامىزىغا تۇرغاندىمۇ ۋە ئۆيگە كىرگەندىمۇ، ھەتتا روزا تۇتقان كۈنلىرىدىمۇ ھەرگىز تەرك قىلمىغان ۋە ساھابىلىرىغا داۋاملىق كەڭ تەشۋىق ھەم تەرغىب قىلغان مۇھىم سۈننەت. شۇڭا مەن تۆۋەندە رەسۇلۇللاھنىڭ مىسۋاك ئىشلىتىش جەھەتتىكى كۆرسەتمىلىرىنى بىر قانچە نۇقتىغا ئايرىشنى لايىق كۆردۈم.

1. ''مىسۋاك ئىشلىتىش'' دېگەن سۆز ئەرەبچە ''ئەسسىۋاكۇ'' دەپ ئوقۇلۇپ ''ئېغىزنى پاكىزلايدىغان نەرسە''، '' چىشنى سۈرتىدىغان نەرسە'' دېگەن مەنىلەرنى بىلدۈرىدۇ. شۇڭا ئېغىزنى پاكىزلاپ، چىش ئارىلىقىدىكى قالدۇقلارنى تازىلاپ چىقىرالايدىغان ئېراك ياغىچى(مىسۋاك دەرىخى)، چۈچۈكبۇيا يىلتىزى ۋە چىش چوتكىسىدەك نەرسىلەرنى مىسۋاك دەپ ئاتاشقا بولىدۇ.

2. مىسۋاك ئىشلىتىش ئېغىزنى، چىشنى تازىلا قالماستىن، چىشنى چىڭىتىپ، چىشنى مىكروبتىن، قۇرت يېيىشتىن ۋە چىش قاناشتىن ساقلايدۇ. بۇ ھەقتە ئەنەس رەزىيەلاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''مەن سىلەرگە مىسۋاك ئىشلىتىشنى كۆپ بۇيرۇيمەن'' («مىشكاتۇلماسابىھ»، 45-بەت). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن تاماقتىن كېيىن، ئەتىگەندە ۋە كەچتە ئېغىزنى داۋاملىق مىسۋاكلاپ تۇرۇشنىڭ زۆرۈرلىكى چىقىپ تۇرىدۇ.

چىش دوختۇرلىرىنىڭ قارىشىچە، ھەر كۈنى چىش چوتكىلاپ، چىش ئارىسىدىكى قالدۇقلارنى ۋاقتىدا چىقىرىۋەتمىگەندە ئېغىز بوشلۇقىدىكى مىكروپلار كۆپىيىپ كېتىدۇ، چىش ئارىسىدىكى قالدۇقلارنى ئېچىتىپ كىسلاتالىق ماددا چىقىرىدۇ، بۇ ماددا چىشنىڭ ئەڭ چوڭ دۈشمىنىدۇر.

چىش ئادەم تېنىدىكى ئەڭ قاتتىق نەرسە، لېكىن ئۇ كىسلاتادىن قورقىدۇ، ئەگەر كىسلاتا بىلەن ئۇزاق ئۇچرىشىپ تۇرسا چىش ئوڭاي ئۇپرايدۇ، ساغىرىدۇ، قارىدايدۇ، كاۋاكلىشىدۇ. چىشتىكى كاۋاكچە مىكروبلارنىڭ ئۇۋىسىدۇر، مىكروبلار ھەتتا قانغا ئۆتۈپ پۈتۈن بەدەنگە زەھەر تارقىتىدۇ-دە، يۈرەك كېسەللىكى، بوغۇم ياللۇغىنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدۇ. تەتقىقاتچىلار، ئېغىز ۋە چىشنىڭ ساغلاملىقى ئاشقازاننىڭ ساغلاملىقىغا، ئاشقازاننىڭ ساغلاملىقى پۈتۈن بەدەننىڭ ساغلاملىقىغا تەسىر كۆرسىتىدۇ، دەيدۇ. ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: '' **مىسۋاك**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com



**دېگەن ئېغىزنى پاكىز قىلىدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىدۇ''** («سەھىھۇلبۇخارى جەۋھەرلىرى ۋە قەستەلانى شەرھى»، 103-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1981-يىل نەشرى). 21-ئەسىرلەردىكى تەتقىقات ئارقىلىق ئاشكارىلىنىۋاتقان ئاشۇنداق تىببىي ئىلىملەرنى 1400 يىل ئىلگىرىكى قالاق زامانلاردىلا پەيغەمبىرىمىز پۈتۈن ئىنسانىيەتكە بىلدۈرۈپ بولغان.

3. ھەر قېتىم تاھارەت ئالغاندا ياكى ناماز ئوقۇيدىغان چاغدا مىسۋاك بىلەن ئېغىزنى پاكىزلاپ تۇرۇشىمىز ئەۋزەلدۇر. چۈنكى نامازنى بىزنى ئاللاھقا يېقىنلاشتۇرىدىغان مۇھىم ئەمەل بولغانلىقتىن، ئېغىزنى پاكىزلاپ، ئېغىزنىڭ پەرىشتىلەرنى ۋە ياندىكى نامازخانلارنى راھەتسىز قىلىدىغان بەتبۇيلۇقىنى تۈگىتىش كېرەك. بۇ ھەقتە ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''ئۇممىتىمگە ياكى كىشىلەرگە (<ئۇممىتىم> ياكى <كىشىلەر> دېگەن ئىككى سۆزنىڭ قايسىسىنىڭ دېيىلگەنلىكى رىۋايەت قىلغۇچىنىڭ ئېسىدە ئېنىق قالمىغان) ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇپ قويماي دېمىسەم، ئۇلارنى ھەر بىر نامازدا مىسۋاك ئىشلىتىشكە بۇيرۇيتتىم''** («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما» 295-بەت، مىللەتلەر نەشرىياتى، 1993-يىل نەشرى). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن ھەر كۈنى بەش ۋاق نامازدا بىر قېتىم مىسۋاك ئىشلەتسەك سۈننەت ئىجرا بولىدىغانلىقىنى، ھەر بىر نامازدا بىر قېتىم مىسۋاك ئىشلەتسەك ئىنتايىن ئەۋزەل بولىدىغانلىقىنى بىلىۋالالايمىز.

4. مىسۋاك ئىشلىتىش پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ سۈننىتىلا بولۇپ قالماستىن، بەلكى ئىلگىرىكى بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭمۇ سۈننىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. بۇ ھەقتە ئەبۇ ئەييۇب رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **''پەيغەمبەرلەرنىڭ سۈننىتى ھېسابلىنىدىغان تۆت تۈرلۈك ئىش بار. ئۇلار: ھايالىق بولۇش، خۇشبۇي نەرسىلەرنى ئىشلىتىش، مىسۋاك ئىشلىتىش ۋە ئۆيلىنىشلەردىن ئىبارەت''** («قۇرئان كەرىم ۋە ھەدىسلەردىن تاللانما» 291-بەت). بۇ ھەدىسنىڭ مەزمۇنىدىن مىسۋاك ئىشلىتىش بىلەن بىرگە ئەتىر-ئەنبەردەك خۇشپۇراق نەرسىلەرنى ئىشلىتىپ، ئەزالارنى خۇشبۇي قىلىپ تۇرۇشنىڭ مۇھىم سۈننەت ئىكەنلىكى ئاشكارا بولىدۇ.

5. مىسۋاك ئىشلىتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇش مىسۋاك ئىشلەتمەي يەتمىش رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن ئەۋزەلدۇر. بۇ ھەقتە جابىر رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: **'' مىسۋاك ئىشلەتمەي يەتمىش رەكئەت ناماز ئوقۇغاندىن، مىسۋاك ئىشلىتىپ ئىككى رەكئەت ناماز ئوقۇغان ئەڭ ئەۋزەلدۇر''** («جامىئۇلئۇسۇل، فىئەھادىسىر رەسۇل»، ئەرەبچە نەشرى، 1-قىسىم، 168-بەت. ئىمام ئەھمەد، دارە قۇتنى رىۋايەت قىلغان). مانا بۇ ھەدىستىن، ھەر قانداق ئىبادەتنى رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرى بىلەن ئىجرا قىلساق، ئاز ئەمەل ئارقىلىق كۆپ نەتىجىگە ئېرىشەلەيدىغانلىقىمىزنى بىلەلەيمىز.

بەزىلەر رەسۇلۇللاھنىڭ يولىيورۇقلىرىغا ئاددىي قاراپ، بىر-ئىككى سۈننەتنىڭ پەرز ئىبادەتلەردە تەرك ئېتىلگەنلىكىنىڭ كارايىتى يوق دەپ ئويلايدۇ، بۇنداق ئويلاش خاتا. ئاللاھ تائالا بىز مۇسۇلمانلارنى رەسۇلۇللاھقا ئەگىشىشكە بۇيرۇپ مۇنداق دەيدۇ:'' (**ئى مۇھەممەد! ئۇلارغا**) **ئېيتقىنكى: 'ئەگەر سىلەر ئاللاھنى دوست تۇتساڭلار، ماڭا**

**ئەگەشكەنلەرگە، ئاللاھ سىلەرنى دوست تۇتىدۇ، (ئۆتكەنكى)گۇناھلىرىڭلارنى مەغپىرەت قىلىدۇ. ئاللاھ ناھايىتى مەغپىرەت قىلغۇچىدۇر، ناھايىتى مېھرىباندۇر''** («ئال ئىمران» سۈرىسى {3-سۈرە }، 31-ئايەت). ئاللاھ تائالا يەنە تەكىتلەپ مۇنداق دەيدۇ: '' **پەيغەمبەرنىڭ ئەمرىگە خىلاپلىق قىلغۇچىلار( دۇنيادا چوڭ بىر)پىتنىگە يولۇقۇشتىن، يا (ئاخىرەتتە) قاتتىق بىر ئازابقا دۇچار بولۇشتىن قورقسۇن...''**(«نۇر» سۈرىسى {24-سۈرە }، 63-ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتلەرنىڭ مەزمۇنىدىن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننەتلىرىگە شەرتسىز ئەگىشىپ ئىجرا قىلىشنىڭ، جۈملىدىن مىسۋاك ئىشلىتىشنىڭمۇ مۇھىملىقى، ئۇنىڭغا ئەمەل قىلىشنىڭ زۆرۈرلىكى ئايان بولىدۇ. چۈنكى مىسۋاك ئېغىزنى پاكىزلاپلا قالماستىن، ئاللاھنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتۈرىدىغان ئەمەل. ئەبۇ ئۇمامە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دېگەن: ''**مىسۋاك ئىشلىتىڭلار، مىسۋاك ھەقىقەتەن ئېغىزنى پاكىز قىلىدۇ، ئاللاھنى رازى قىلىدۇ. جىبرىئىل ئەلەيھىسسالام كەلسىلا ماڭا مىسۋاك ئىشلىتىشنى بۇيرۇيتتى، مەن ھەتتا ماڭا ۋە ئۇممەتلىرىمگە پەرز بولۇپ قېلىشىدىن قورقتۇم. ئەگەر ئۇممىتىمگە ئېغىرچىلىق تۇغدۇرۇپ قويۇشتىن قورقمىسام، ئۇلارغا مىسۋاك ئىشلىتىشنى پەرز قىلاتتىم''**(«ئىبنى ماجە»، ئەرەبچە نەشرى، 25-بەت).

6. روزا تۇتقۇچىنىڭ روزىدار ھالىتىدە مىسۋاك ئىشلىتىشى جائىز. بۇ ھەقتە ئامىر ئىبنى رەبىئە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇدىن رىۋايەت قىلىنىدۇكى، ئۇ: ''**مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ روزىدار ھالىتىدە، مىسۋاكنى ساناپ بولالمىغۇدەك دەرىجىدە ئىشلىتىۋاتقانلىقىنى كۆردۈم'' دېگەنىدى**(«فىقھۇ سۈننە»، 1-قىسىم، ئەرەبچە نەشرى، 10-بەت. ئىمام ئەھمەد، ئەبۇ داۋۇد ۋە تىرمىزى رىۋايەت قىلغان).

7. ئەر-ئاياللىنىڭ بىر دانە مىسۋاكنى ئىشلىتىشى دۇرۇس(بۇمۇ ھەم سۈننەت بولۇپ ھېسابلىنىدۇ). چۈنكى رەسۇلۇللاھنىڭ تاھارەت ئالغاندا مىسۋاك ئىشلىتىپ، ئاندىن ئايالى ئائىشەگە بەرگەنلىكى، ئائىشە رەزىيەللاھۇ ئەنھانىڭ ئۇ مىسۋاكنى يۇيۇپ ئېغىزىنى مىسۋاكلاپ، ئاندىن ئۇنى يەنە يۇيۇپ رەسۇلۇللاھقا قايتۇرۇپ بەرگەنلىكى ھەدىس شەرىفتە بايان قىلىنغان.

8. مىسۋاك ئىشلەتكەن (چىشنى چوتكىلىغان) ھەر قانداق بىر مۇسۇلمان ئېغىز پاكىزلاشنىلا مەقسەت قىلماي، ئالدى بىلەن رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئىجرا قىلىشنى مەقسەت قىلىشى لازىم. بۇنداق قىلغاندا ئېغىزنى پاكىزلاش بىلەن بىرگە قىيامەت كۈنى رەسۇلۇللاھنىڭ شاپائىتىگە ئېرىشكىلى بولىدۇ، ئەگەر رەسۇلۇللاھنىڭ سۈننىتىنى ئادا قىلىشنى مەقسەت قىلمىغاندا پەقەت ئېغىزنى پاكىزلاش بىلەنلا قالىمىز-دە، ساۋابتىن مەھرۇم بولىمىز.

ھۆرمەتلىك دىنىي قېرىنداشلار! ھەممىمىز ئاللاھ تائالا ۋە ئۇنىڭ پەيغەمبىرى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ھۆكۈملىرىگە بويسۇنۇپ، ئىسلام دىنىمىزنىڭ ھەقىقىي پاكلىق ئۈستىگە قۇرۇلغان دىن ئىكەنلىكىنى تونۇپ يېتىپ، ئېغىزىمىزنى پاكىزلاش ئارقىلىق دىنىمىزغا ۋە ساغلاملىقىمىزغا كۆپ پايدىسى تېگىدىغان مىسۋاكنى (چىش چوتكىسى ۋە چىش پاستىسىنى) ئۆزىمىزگە داۋاملىق ھەمراھ قىلىشىمىز ۋە ئۇنىڭغا ئالاھىدە ئەھمىيەت بېرىشىمىز كېرەك.

ئاللاھ تائالا ھەممىمىزگە رەسۇلۇللاھنىڭ ئەخلاقىنى مۇيەسسەر قىلىپ، تىلىمىز بىلەن دىلىمىزنى، ئىچىمىز بىلەن تېشىمىزنى ئوخشاش گۈزەل ۋە پاكىز قىلسۇن، ئامىن!

(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

www.uyghurkitab.com



# ئىسلام دىنى تاماكا چېكىشنى مەنئىي قىلىدۇ



قوربانجان مەتسىن

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم ئەزىز قېرىنداشلار! ئۆز بەندىلىرىگە پايدىلىق، پاكىز نەرسىلەرنى ھالال، زىيانلىق، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىپ، پۈتۈن كائىناتنى ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىدارە قىلىۋاتقان مېھرىبان پەرۋەردىگارىمىزغا چەكسىز مەدھىيىلەر بولسۇن، پەيغەمبىرىمىز مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ئۇنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتلىرىغا ئاللاھنىڭ رەھمىتى ۋە سالامى بولسۇن!

مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزغا مەلۇمكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەلچىسى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئارقىلىق بىزلەرگە تەڭداشسىز سېھرىي كۈچكە ئىگە «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىپ، بىزلەرنى بىر ئاللاھقا ئىبادەت قىلىشقا، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنى بىرھەق ئاللاھنىڭ ئەلچىسى ۋە پەيغەمبىرى دەپ تونۇپ ئۇنىڭغا ئىتائەت قىلىشقا بۇيرىدى. بۇ ئۇلۇغ دەستۇر كالامدا تارىخ، قىسسە، كىشىلىك ھايات، نىكاھ، مىراس، ئەدلىيە، سودا ... قاتارلىق چوڭ-كىچىك ئىشلارنىڭ ھەممىسى سۆزلەنگەن بولۇپ، شۇ قاتاردا نېمىنىڭ ھالال، نېمىنىڭ ھارام ئىكەنلىكىمۇ تىلغا ئېلىنغان. ھالال نەرسىلەرنى يەپ-ئىچىشكە بولىدىغانلىقى، ھارام نەرسىلەرنى قەتئىي ئىستېمال قىلماسلىق مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»دە قايتا-قايتا تەكىتلەنگەن.

تۆۋەندىكى ئايەت كەرىمگە قارىساق، ھالال-ھارامنىڭ چەك-چېگرىسى ئېنىق ئايرىلغان: ’’ئاللاھ ئۇلارغا ھالال نەرسىلەرنى ھالال قىلىدۇ، ناپاك نەرسىلەرنى ھارام قىلىدۇ‘‘(«ئەئراف» سۈرىسى[7-سۈرە]، 157-ئايەت). ئويلاپ باقايلى، ئۆلگەن ھايۋانلارنىڭ گۆشلىرى، ئىت، ئېشەك، چوشقا گۆشلىرى ھەرگىز پاك ئەمەس، ئۇلارنىڭ تەمى قېرىق، پۇرىقى سېسىق، شۇنداقلا ئۇ ھايۋانلارنىڭ ياشاش شارائىتى بەك ناچار بولغانلىقتىن ئۆلتۈرۈلگەندىن كېيىنمۇ ئىستېمال قىلىنسا زىيان قىلىدىغان بولغاچقا ئۇلارمۇ ھارام قىلىنغان. ھاراقنىڭ ھاراملىقىنى تەكىتلىمىسەكمۇ بۇ ھەممە مۇسۇلمانلارغا ئايدىڭ. بىز بۇ يەردە پەقەت تاماكا توغرىسىدا توختىلىمىز.

قېرىنداشلار! ئىسلام دىنى جان، نەسىل، دىن، ئەقىل، ئىقتىساد، ئابروي... قاتارلىقلارنى ئاسراشنى، ئۇنى مۇۋاپىق سەرپ قىلىشنى تەۋسىيە قىلىدۇ، ئۇلارغا زىيانلىق ھاراق، نەشە، خىروئىن.. قاتارلىق زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئىستېمال قىلىشنى مۇتلەق ھارام ھېسابلاپ، قەتئىي چەكلەيدۇ، تاماكىمۇ موشۇ تىپقا كىرىدۇ، ئەلۋەتتە. تېببىي ئىلىمنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئالىملار تاماكىنىڭ ئادەم بەدىنىگە ناھايىتى زور زىيانلارنى ئېلىپ كېلىدىغانلىقىنى تەتقىقات ئارقىلىق ئىسپاتلىدى. ئالىملار تاماكا ئىسىدا نىكوتىن، كوكس مېيى، كاربون (II) ئوكسىد، ئامىمنىي نىترىت، ئارفىن، پولونىي...قاتارلىق 20 خىلدەك

زىيانلىق زەھەرلىك ماددىلارنىڭ بارلىقىنى، ئۇنى ئادەم سۈمۈرگەندىن كېيىن كاناي ياللۇغى، ئۆپكە راكى، يۈرەك توختاپ قېلىش، سىل كېسىلى قاتارلىق بىر قانچە خىل كېسەللىكنى كەلتۈرۈپ چىقىرىدىغانلىقىنى، ئاشقازان-ئۈچەي، نېرۋا سىستېمىسى، جىگەر، بۆرەك قاتارلىق ئورگانىزىملارنىڭ زىيانغا ئۇچرايدىغانلىقىنى، كۆپ چەككەنسېرى كېسەللىكنى تېخىمۇ كۆپەيتىدىغانلىقىنى كۆرسىتىپ ئۆتتى. ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ''**سىلەر ئۆزۈڭلارنى ھالاكەتكە تاشلىماڭلار!**''(«بەقەرە» سۈرىسى {2-سۈرە}، 195-ئايەت) دېگەن. ئاللاھنىڭ بۇ دېگىنى، سىلەر ئۆزۈڭلارنى مەجبۇرىي ئۆلۈمگە، يەنى ھالاكەت گىردابىغا ئىتتەرمەڭلار، ھەر قانداق قىلىق بىلەن ھاياتىڭلارغا زەخمەت يەتكۈزمەڭلار دېگەنلىك بولۇپ، تاماكىدەك ''ئاستا خاراكتېرلىك جان ئالغۇچى'' دىن يىراق بولۇشىمىز لازىملىقىنىمۇ ئوتتۇرىغا قويۇلغان. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**ئۆزىگە زىيان سېلىشقا ۋە غەيرىگە زىيان ئۇرۇشقا بولمايدۇ**'' (بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن. بىز بىلىمىزكى، تاماكا تاماكا چەككۈچىنىڭلا ئەمەس، يېنىدىكى ئادەملەرنىڭ سالامەتلىكىگىمۇ زىيان سالىدۇ، تاماكا پۈتۈن ئىنسانىيەتنىڭ دۈشمىنى، تاماكىدىن ھەر خىل كېسەللىك، ئوت ئاپىتى، قاتناش ئاپىتى پەيدا بولىدۇ، تاماكا يەنە ياش-ئۆسمۈرلەردىكى كەيپ-ساپا، ئوغرىلىق قىلمىشلىرىنىڭ شەكىللىنىشىگە سەۋەپ بولىدۇ. تاماكا بارلىق مەرەز، نەسلىك، جىنايەتنىڭ بىر مەنبەسى. تاماكا يەنە ئادەمنىڭ ئىقتىسادىغا زىيان. ھېسابلاپ باقىدىغان بولساق، دۆلىتىمىزدىكى 300 مىليون بەڭگى ئەڭ ئەرزان ھېسابلىنىدىغان 2 يۈەنلىك تاماكىدىن كۈندە بىر قاپ چېكىدۇ دېسەكمۇ، بىر كۈندە 600 مىليون يۈەن، بىر يىلدا 219 مىليارد يۈەننىڭ كۆلىنى كۆككە سورۇيدۇ. بۇنىڭغا ئۇ كەلتۈرۈپ چىقارغان ئوت ئاپىتى، قاتناش ئاپىتى، ئوغرىلىق... قاتارلىقلارنىڭ زىيىنىنى قوشساق بۇ سان ئەلۋەتتە ناھايىتى زور بولىدۇ. ئەگەر تاماكا چەككۈچىنىڭ ئۆزىگە ۋە ئەتراپىدىكىلەرگە يەتكۈزىدىغان زىيىنىنى ھېسابلىساق (بۇنى پۇل بىلەن ھېسابلاش بەكمۇ تەس) ئۇنىڭ زىيىنى ھەددى-ھېسابسىز بولىدۇ. ئەگەر بىر شەخسنىڭ ئۆزىگىلا بولىدىغان ئىقتىسادىي زىيىنىنى ھېسابلىساق، ناۋادا بىر ئادەم 20 يېشىدىن 60 يېشىغىچە كۈندە 2 يۈەنلىك تاماكىدىن بىر قاپ چەكسە 40 يىلدا جەمئىي 29 مىڭ 200 يۈەننى چېكىپ تۈگىتىدۇ (بۇنىڭغا تېخى چاقماق، سەرەڭگە پۇلىنى قوشمىدۇق). قاراڭ، بۇ نېمىدېگەن زور ئىسراپچىلىق! ئاللاھ تائالا «قۇرئان كەرىم»دە: ''**كۆپ ئىسراپ قىلماڭلار، ئىسراپخورلار شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرىدۇر**''(«بەنى ئىسرائىل» سۈرىسى {17-سۈرە}، 27-ئايەت). ''**يەڭلار، ئىچىڭلار، ئىسراپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئىسراپ قىلغۇچىلارنى ھەقىقەتەن ياقتۇرمايدۇ**''(«ئەئراف» سۈرىسى {7-سۈرە}، 31-ئايەت) دېگەن. بۇ ئايەتتە ئىسراپخورلار شەيتان دېگەن شۇ مۇناپىق مەخلۇقنىڭ قېرىنداشلىرى دېيىلگەن. شەيتاننىڭ قېرىنداشلىرىنىڭ قىيامەتتە قانداق ئازاپ-ئوقۇبەتلەرگە دۇچار بولىدىغانلىقى ھەممىمىزگە ئايدىڭ. مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام: ''**مەست قىلىدىغان نەرسە مەيلى ئاز بولسۇن، مەيلى كۆپ بولسۇن ھارامدۇر**'' دېگەن (ئىمام ئەھمەد رىۋايىتى). تاماكا كۆپ چېكىلسە كىشىنى بىر دەم روھلاندۇرغاندەك قىلغان بىلەن ئەمەلىيەتتە سەل ئۆتۈپلا نېرۋىنى سۇسلاشتۇرىدۇ، ئېغىر بولسا مەست قىلىدۇ. ئۇممۇ سەلىمەدىن رىۋايەت قىلىنغان ھەدىستە مۇنداق دېيىلگەن: ''**رەسۇلۇللاھ ھەر قانداق مەست**

www.uyghurkitap.com

**قىلغۇچى ۋە سۇسلاشتۇرغۇچىدىن توستى''.** مېھرىبان ئاللاھ بىزگە پاكىز يېمەكلىكلەرنى، ھەر خىل مېۋە-چىۋىلەرنى ھالال قىلغان بولسا، ھاراق، نەشە، خىروئىن، ئىت، ئېشەك، چوشقا گۆشى قاتارلىق ناپاك، مەينەت، زەھەرلىك نەرسىلەرنى ئېغىزغا ئېلىشنى ھارام قىلغان، تاماكىمۇ ناپاك، زەھەرلىك نەرسىلەر قاتارىغا كىرىدۇ، ئەلۋەتتە!

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ئاللاھ ئۆزىنىڭ بۈيۈك قۇدرىتى ۋە ھېكمىتى ئارقىلىق مۇقەددەس «قۇرئان كەرىم»نى نازىل قىلىپ، ھالال، ھارام، كىشىلىك مۇناسىۋەت...قاتارلىق ئىشلارنىڭ ھەممىسىگە يول كۆرسىتىپ بەردى. بىراق بىز قۇرئاندەك بىر نۇرلۇق چىراغنىڭ يورۇقىدىن تولۇق پايدىلانماي، چىراغ شولىسىنىڭ نېرىسىدا تېڭىرقاپ، تىمىسقىلاپ يۈرۈۋاتىمىز. بىز سالامەتلىككە تۈرىمىزمۇ ياكى تاماكا چېكىشكىمۇ؟

ئىسلام دىنىدا تاماكىنى چېكىشلا مەنئىي قىلىنماستىن، تاماكا تېرىش، پىششىقلاپ ئىشلەش، سېتىش...قاتارلىق قىلمىشلارمۇ مەنئىي قىلىنىدۇ. تاماكا چەككۈچىنى كۆرگەندە ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلىشىمىز، توسۇشىمىز، چەكلىشىمىز لازىم. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: '' **كىشى بىر يامانلىقنى كۆرسە ئۇنى ھەرىكىتى ئارقىلىق توسسۇن، ھەرىكىتى ئارقىلىق توسۇشقا قادىر بولالمىسا تىلى ئارقىلىق توسسۇن، تىلى ئارقىلىق توسۇشقا قادىر بولالمىسا دىلىدا نارازى بولسۇن، مانا بۇ ئىماننىڭ ئەڭ تۆۋەن دەرىجىسىدۇر''**(ئىمام بۇخارى رىۋايىتى) دېگەن.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! تاماكا يادرو ئۇرۇشى، ئاچارچىلىق، ئەيدىز كېسىلىگە ئوخشاش دۇنيادىكى ئەڭ چوڭ ئاپەتلەرنىڭ بىرى. دۇنيادىكى سەھىيە تەشكىلاتى ۋە باشقا ھەر قايسى ئەللەرنىڭ سەھىيە تارماقلىرى تاماكا تاشلاشقا چاقىرىق قىلدى. يېقىندىن بۇيان بەزى ئەللەردە تاماكا چەككۈچىلەر ئارىسىدا خىزمەت قىلىپ، ئىككىلەمچى زىيانغا(ۋاستىلىق زىيانغا) ئۇچراپ راك قاتارلىق ئېغىر كېسەللىككە گىرىپتار بولغۇچىلاردىن بەزىلىرى خىزمەت ئورنىدا تاماكا چېكىشكە رۇخسەت قىلغان خىزمەت ئىدارىسىنى سوتقا تارتىپ بىر تالاي تۆلەم تۆلىتىۋالدى. ئىسلام ئەللىرىمۇ تاماكىنىڭ زىيىنىنى تەشۋىق قىلىپ، تاماكىنى چەكلەۋاتىدۇ. ھەتتا خەلقئارادا مەشھۇر بەزى ئىسلام ئۆلىمالىرى تاماكىنى '' ھارام'' دەپ پەتىۋا چىقاردى، ئۇلار ''تاماكا يالغۇز تاماكا چەككۈچىنىڭ ئۆزىگىلا ئەمەس، ئەتراپىدىكىلەرگىمۇ زور زىيان يەتكۈزىدىغانلىقى ئۈچۈن تېخىمۇ ھارام'' دەپ ھۆكۈم چىقاردى. راست شۇنداق، ئىمام بۇخارى ۋە مۇسلىملار رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز مۇنداق دېگەن: '' **ياخشى ھەمراھ بىلەن يامان ھەمراھنىڭ مىسالى ئىپار كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھەمراھ بىلەن كۆرەك باسقۇچى(يەنى تۆمۈرچى)نىڭ مىسالىغا ئوخشايدۇ، ئىپار كۆتۈرۈپ كېتىۋاتقان ھەمراھتىن يا ئىپار سېتىۋالىسەن ياكى ئۇنى ساڭا بېرىۋېتىدۇ، ھېچ بولمىغاندا ئۇنىڭ خۇشپۇرىقىغا ئۇچرايسەن. كۆيۈك پۈلگۈچى بولسا يا كىيىمىڭنى كۆيدۈرۈپ قويىدۇ ياكى بولمىسا كۆيۈكنىڭ سېسىق پۇرىقىغا دۇچ كېلىسەن''.**

تاماكىنىڭ زىيىنى ئۇنى چەككۈچىلەرگىلا زور بولۇپ قالماستىن، ئەتراپىدىكىلەرگە (ھەمراھقا) خۇددى كۆيۈكنىڭ سېسىق پۇرىقىغا ئوخشاش زىيان يەتكۈزىدۇ. ئەتراپتىكىلەرنى (ھەمراھ)نى ئاسراش ئىسلام دىنىنىڭ گۈزەل ئەخلاقى، ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان بىر ھەدىستە پەيغەمبىرىمىز: '' **كىمدە كىم (خام) سامساق ياكى پىياز يېسە بىزدىن ۋە مەسچىتىمىزدىن يىراق تۇرسۇن، ئۆيىدە ئولتۇرسۇن** ''دېگەن. ئادەتتە مەكرۇھ ھېسابلىنىپ، كىشىنى بىزار قىلىدىغان، سەسكەندۈرىدىغان سامساق،

پىيازغا ئوخشاش نەرسىلەر خام يېيىلسىمۇ شۇنداق دېيىلىۋاتقان يەردە، ئۆزگىمۇ، ئۆزگىگىمۇ زىيان يەتكۈزىدىغان تاماكا نەزەردىن تېخىمۇ يىراق بولۇشى كېرەك-ئەلۋەتتە!

تاماكا جەنۇبىي ئامېرىكىدىن فىلىپپىن ئارقىلىق دۆلىتىمىزگە كىرگەن 400يىلدىن ئارتۇق ۋاقىتتىن بۇيان پۇقرالارغا زور زىيانلارنى ئېلىپ كەلدى . چىڭ سۇلالىسى داۋگۇاڭ-شيەنفېڭ (1861-1820) يىللىرىدا، ئومۇمەن يېقىنقى 100 نەچچە يىلدىن بېرى دۆلىتىمىز ئەپيۇن، خىروئىن، مورفىن قاتارلىق زەھەرلىك چېكىملىكلەرنىڭ دەردىنى ئاز تارتمىدى. زەھەرلىك چېكىملىك سەۋەبىدىن ئەينى ۋاقىتتا دۆلەت ئاجىزلىشىپ، قوشۇن ئىقتىدارسىزلىشىپ ،دۆلەتنىڭ نۇرغۇن ئالتۇن-كۈمۈشلىرى چەت ئەلگە ئېقىپ، پۇقرالار نامرات ، سەرسان بولۇپ كەتكەنىدى.

ناۋادا تاماكا چېكىش ياش-ئۆسمۈرلەردە كۆپ بولسا بۇ تېخىمۇ ئەندىشىلىك بولىدۇ. ياش-ئۆسمۈرلەر دۆلەتنىڭ كەلگۈسى قۇرغۇچىلىرى. ھازىردىن باشلاپ ئۇلار ئۆزىنىڭ ئەقلىي، ئەخلاقى،جىسمانىي، گۈزەللىك ساپاسىنى ھازىرلىشى زۆرۈر. ناۋادا تاماكا چېكىش ياش-ئۆسمۈرلەردە ئومۇملىشىپ قالسا ئۇلاردا ساغلام روھ ۋە جىسمانىي سۈپەت بولمايدۇ. شۇڭا بىز ئۆزىمىزنى، ئەۋلادلىرىمىزنى سۆيۈشىمىز ھەم ئاسرىشىمىز لازىم.

مۇسۇلمان قېرىنداشلار! ھالال يەپ-ئىچىش ، شۇنداقلا سالامەتلىكنى ئاسراش پەرز ئەيندۇر. ھەممە مۇسۇلمانلار بۇ نۇقتىنى ئېنىق چۈشىنىپ توغرا يولدا مېڭىشى قەتئىي زۆرۈر.

ھازىر چەت ئەللىكلەر دۆلىتىمىزنى چوڭ يەمچۈك قىلىپ، جۇڭگو بازىرىنى ’’چوڭ تۇتۇن‘‘ بىلەن تەمىن ئېتىشنى پىلانلاۋاتىدۇ. بەزىلەر ’’تەرەققىي قىلىۋاتقان دۆلەتلەرگە كېسەللىك ۋە ئۆلۈم ئېكسپورت قىلىش جىنايەت‘‘ دېگەن. بىز ھۇشىمىزنى يىغىپ، ئۆزىمىزنىڭ سالامەتلىكنى ئاسرىشىمىز،’’ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇق‘‘ىمىزنى قوغدىشىمىز، تەبىئەتنى سۆيۈشىمىز لازىم .

ئەزىز قېرىنداشلار! ئۆزىمىزنىڭ ۋە مىللىتىمىزنىڭ، جۈملىدىن پۈتۈن جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئەزىز تېنىنى قوغداش، سالامەتلىكنى ئاسراش، ساپايىمىزنى ئۆستۈرۈش، بۇلغانمىغان مىللەت بولۇش ئۈچۈن بۇ رەزىل تاماكىنى تاشلايلى!

ئاللاھ پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا پاك ئىمان ۋە ئېتىقاد، ھالال-ھارامنى ئايرىپ ياشايدىغان كۆچلۈك قەلب، بەخت-سائادەت ئاتا قىلغاي-ئامىن!

(ئاپتور: خوتەن چىرا ناھىيىسىدىن؛ تولۇقلاپ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

## ئاياللار بوغۇزلىغان جاندارنىڭ گۆشىنى يېيىشكە بولامدۇ؟

ئىسلام دىنىدا ئەر بىلەن ئايال باراۋەر، دىنىمىز ئاياللارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغدايدۇ. جەمئىيەتتە بىر قىسىم كىشىلەر ئاياللار بوغۇزلىغان جاندارنىڭ گۆشىنى يېگىلى بولمايدۇ، دەيدۇ. بۇ قاراش توغرا ئەمەس. مالنى ئادەتتە كۆپرەك ئەرلەر بوغۇزلايدۇ، ئەمما بەزىدە ئاياللار بوغۇزلاشقا تېگىشلىك ئەھۋاللارمۇ بولۇپ قالىدۇ. بۇ ھەقتە «سەھىھۇل بۇخارى»دا ئىمام بۇخارى مۇنداق بىر ھەدىسنى رىۋايەت قىلغان: مالىك دېگەن كىشىنىڭ مەدىنىنىڭ سەلى دېگەن تېغىدا ئوتلايدىغان چارۋىسى بار ئىدى. ئۇنىڭ بىر ئايال خىزمەتچىسى قويلارنىڭ ئىچىدىن بىر قوينىڭ ئۆلۈپ قېلىش ئالدىدا تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ، تاشنى سۇندۇرۇپ ئۇ قوينى بوغۇزلىدى. ئىبنى مالىك پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن ئۇ قوينىڭ گۆشىنى يېيىش ياكى يېمەسلىك توغرىسىدا سورىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يېيىشكە بۇيرىدى. بۇ ھەدىستىن مۇسۇلمان ئايال بوغۇزلىغان جاندارنىڭ گۆشىنى يېيىش ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇ. ( ياقۇپ ئوسمان )

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

# ئىسلامدا ئەر-ئاياللارنىڭ باراۋەرلىكى

ياقۇب ئوسمان

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئىسلامدا ئەر-ئاياللار باراۋەرمۇ؟ دېگەن مەسىلە ئۈستىدىكى تالاش-تارتىش ئىسلام دۈشمەنلىرى تەرىپىدىن مۇسۇلمانلارنى ھەق يولدىن ئازدۇرۇش مەقسىتىدە ئوتتۇرىغا چىققان بولۇپ، نۇرغۇن كىشىلەرنىڭ كاللىسىنى قايمۇقتۇرۇپ كەلمەكتە. بۇنىڭ نەتىجىسىدە ئىسلام دىنىنىڭ ھەقىقىتىنى تولۇق چۈشىنىپ يېتەلمىگەن بەزى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئۆز دىنىغا بولغان ئەقىدە-ئىخلاسى ئاجىزلىشىپ قالماقتا. ھالبۇكى، بۇ مەسىلە «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» لەردە ئوچۇق، چۈشىنىشلىك بايان قىلىنغان.

ئىسلام دىنى پۈتۈن ئىنسانىيەتنى ياراتقان ۋە ئۇلارنىڭ تەبىئىتىنى بىلىدىغان ئۇلۇغ ئاللاھ تەرىپىدىن بارلىققا كەلگەن ساماۋى بىر دىن بولغاچقا، ئۇنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىدا ئىنسانلارنىڭ تەبىئىتى كۆزدە تۇتۇلغان، شۇڭا ئىسلام دىنى ئىنسانىيەت دىنى دەپ تەرىپلىنىدۇ.

ئاللاھ تائالا ئۆز ھېكمىتى بىلەن ئىنسانلارنى ۋە باشقا مەخلۇقلارنى ئەركەك-چىشى قىلىپ ياراتتى. ئىنسانلار ئارىسىدا ئەر-ئايال ئىككى جىنسنىڭ تەبىئىتىنىڭ بىر-بىرىگە ئوخشىمىغىنىغا ئاساسەن، ئۇلارنىڭ ھاياتىدىكى ۋەزىپىلىرىمۇ ئوخشاش بولمايدۇ. ھەر بىر جىنسنىڭ ئۆزىگە لايىق خۇسۇسىيىتى ۋە ھاياتلىقتا ئوينايدىغان ئۆزىگە خاس ئالاھىدە رولى بار. شۇنداق بولغان ئىكەن، ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە-پرىنسىپلىرىدىمۇ ئەر-ئايال ئىككى جىنسنىڭ باراۋەر بولىدىغان يەرلىرىمۇ، باراۋەر بولمايدىغان يەرلىرىمۇ بار.

ئەر-ئايال تۆۋەندىكى جەھەتلەردە باراۋەردۇر:

1. ئەر بىلەن ئايال ئىنسانىلىق ھۆرمەتتە باراۋەردۇر. ئەر-ئايالنىڭ ھۆرمەتلىك يارىتىلغانلىقى ھەقىدە ئاللاھ تائالا: ''**شەك-شۈبھىسىزكى، بىز ئادەم باللىرىنى ھۆرمەتلىك قىلدۇق**''(«ئىسرا» سۈرىسى {17-سۈرە}، 70-ئايەت) دېگەن. روشەنكى، بۇ يەردىكى ''ئادەم باللىرى'' ئەرلەرنىمۇ، ئاياللارنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ.

2. ئەر بىلەن ئاياللار ئىسلام شەرىئىتىدە بۇيرۇلغان ئەمەل-ئىبادەتلەرنى بەجا كەلتۈرۈشكە تەكلىپ قىلىنىشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەركىشىگە پەرز بولغان بەش ۋاق ناماز، روزا، زاكات، ھەج ۋە باشقا ئىبادەتلەر ئايال كىشىگە ئوخشاشلا پەرزدۇر. شۇنىڭدەك ئۇلارنىڭ قىلغان ئەمەل-ئىبادەتلىرىگە بېرىلىدىغان مۇكاپاتلارمۇ ئوخشاش بولىدۇ. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ''**مەن سىلەردىن ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن، ھەر قانداق بىر ياخشى ئىش قىلغۇچىنىڭ قىلغان ئەملىنى بىكار قىلىۋەتمەيمەن**''(«ئال ئىمران» سۈرىسى {3-سۈرە}، 195-ئايەت).

3. ئەر بىلەن ئايال ئىسلام شەرىئىتىدە مەنئىي قىلىنغان ئىشلاردىن توسۇلۇشتا ئوخشاشتۇر. يەنى قۇرئاندا ۋە ھەدىسلەردە

مەنئىي قىلىنغان ئىشلار ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەممىسىگە ئوخشاشتۇر. ئاللاھ تائالا بۇ ھەقتە مۇنداق دەيدۇ: ''**كىمكى (يەنى ئايال بولسۇن، ئەر بولسۇن) يامان ئىش قىلىدىكەن، يامان قىلغانلارغا پەقەت قىلغان ئىشلىرىغا يارىشا جازا بېرىلىدۇ**'' («قەسەس» سۈرىسى {28-سۈرە}، 84-ئايەت).

4. ئەر بىلەن ئايال قىساستا ئوخشاشتۇر. يەنى بىر ئەر بىر ئايالنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئەر شۇ ئايال ئۈچۈن قىساس تۆلەيدۇ، شۇنىڭدەك بىر ئايال بىر ئەرنى ناھەق ئۆلتۈرگەن بولسا، ئۇ ئايالمۇ شۇ ئەر ئۈچۈن قىساس تۆلەيدۇ. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئى مۆمىنلەر! ئۆلتۈرۈلگەنلەر ئۈچۈن قىساس ئېلىش پەرز قىلىندى**'' («بەقەرە» سۈرىسى {2-سۈرە}، 178-ئايەت). بۇ يەردىكى '' مۆمىنلەر'' دېگەن سۆز ئەر بولسۇن، ئايال بولسۇن ھەر قانداق مۆمىن كىشىگە قارىتىلغان.

5. ئەر بىلەن ئايال ئىلىم-مەرىپەت ئۆگىنىشكە بۇيرۇلۇشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئىسلام دىنىدا مۇسۇلمانلار ئىلىم ئۆگىنىشكە بۇيرۇلغاندا ئەر-ئايال دەپ ئايرىلمايدۇ. بۇ ھەقتە «قۇرئان كەرىم»دە ئوچۇق ئايەتلەر بار. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئۇنى تېخىمۇ روشەنلەشتۈرۈپ مۇنداق دەيدۇ: ''**ئىلىم ئۆگىنىش ئەر-ئايال مۇسۇلمانلار ئۈچۈن پەرزدۇر**''. («ھەدىس شەرىف»تىن)

6. ئەر بىلەن ئايال مال-مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشتا ئوخشاشتۇر. ئەر كىشى مال-مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق بولغىنىدەك، ئاياللارمۇ ئۇلارغا ئوخشاشلا مال-مۈلۈككە ئىگىدارچىلىق قىلىشقا ھوقۇقلۇق. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئەرلەر قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ، ئاياللارمۇ قىلغان ئەمەللىرىدىن ھەسسىدار بولىدۇ**'' («نىسا» {4-سۈرە}، 32-ئايەت).

7. ئەر بىلەن ئايال ئۆزلىرى ساھىب بولغان مۈلۈكنى تەسەررۇپ قىلىشتا ئوخشاشتۇر. يەنى ئۆز مۈلكىنى خالىغانچە ئىشلىتىش، ئېلىش، سېتىش ئىشلىرىدا ئەر بىلەن ئايال ئوخشاش ھوقۇققا ئىگە. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئاللاھ تائالا سودا-سېتىقنى ھالال قىلدى**'' («بەقەرە» {27-سۈرە}، 275-ئايەت). بۇ ئايەت ئەر ياكى ئايال بولسۇن، پۈتۈن مۇسۇلمانلارغا سودا-سېتىقنىڭ ھالال ئىكەنلىكىنى كۆرسىتىدۇ.

8. ئەر بىلەن ئايال مىراس ئېلىش ھوقۇقىدا ئوخشاشتۇر، يەنى ئەرلەر مىراس ئالغاندەك، ئاياللارمۇ مىراس ئېلىش ھوقۇقىغا ئىگە. بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئاتا-ئانىسى ۋە ئۇرۇغ-تۇغقانلىرى قالدۇرغان مىراستا ئەرلەرنىڭ ھەم ئاياللارنىڭ ھەسسىسى بار**'' («نىسا» سۈرىسى {4-سۈرە}، 7-ئايەت)

9. ئەر بىلەن ئايال نىكاھلىنىش ھوقۇقىدا ئوخشاشتۇر. يەنى ئەر ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئايال بىلەن توي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە بولغىنىدەك، ئاياللارمۇ ئۆزى ياخشى كۆرگەن ئەر بىلەن توي قىلىش ھوقۇقىغا ئىگە. ئىسلام شەرىئىتىدە ئوغۇل-قىزلارنى ئۇلار خالىمىغان بىرسى بىلەن توي قىلىشقا زورلاش يوقتۇر. بۇ ھەقتە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مۇنداق دەيدۇ: ''**چوكانىنى ئۇنىڭ ئىختىيارىسىز، قىزنى ئۇنىڭ رايىسىز ياتلىق قىلماڭلار**''(ئىمام بۇخارى رىۋايەت قىلغان).

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيىسىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

# «قۇرئان كەرىم» روھىدىن ھازىرقى نەزىر-چىراغ ئۆتكۈزۈش ۋە ئۆلۈم-يىتىم ئۆزىتىش ئىشلىرىمىزغا بىر نەزەر



ئابدۇراخمان ئىسمائىل

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)

ئاللاھ-تائالا رىزالىقى ئۈچۈن ياخشى يوللارغا خالىس پۇل-مال سەرپ قىلىش تولىمۇ ياخشى ئىش، چۈنكى ئاللاھ تائالا «ئال ئىمران» سۈرىسى {3-سۈرە} نىڭ 92-ئايىتىدە: '' **ياخشى كۆرگەن نەرسەڭلاردىن سەرپ قىلمىغۇچە (يەنى ماللىرىڭلارنىڭ ياخشىسىنى سەدىقە قىلمىغۇچە) ھەرگىز ياخشىلىققا (جەننەتكە) ئېرىشەلمەيسىلەر. (ئاللاھ يولىدا) نېمىنى سەرپ قىلماڭلار، ئاللاھ ئۇنى بىلىپ تۇرغۇچىدۇر** '' دېگەن.


ئىسلام دىنى ئۇمۇمىيلىقنى تەشەببۇس قىلىدىغان، ئۆز مەنپەئەتىنىلا كۆزلەپ، باشقىلارنىڭ ئۆلۈش-تىرىلىشى بىلەن كارى بولماسلىقتەك شەخسىيەتچىلىك ئىدىيىسىگە قارشى تۇرىدىغان دىن. ئاللاھ تائالا «بەقەرە» سۈرىسى(2-سۈرە)نىڭ 270-ئايىتىدە مۇنداق دېگەن: ''**نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار ياكى (ئاللاھنىڭ يولىدا) نېمىنى ۋەدە قىلماڭلار ئاللاھ ئۇنى ھەقىقەتەن بىلىپ تۇرىدۇ. زالىملار(يەنى پۇل-مېلىنى ناتوغرا يوللارغا سەرپ قىلغانلار ياكى زاكات بەرمىگەنلەر)غا ھېچقانداق مەدەتكار چىقمايدۇ**''. ئاللاھ تائالا يەنە مۇنداق دېگەن: ''**...ئۆزىنى ئاللاھ يولىغا ئاتىغان(يەنى ئىسلام دىنى ئۈچۈن مەلۇم دەرىجىدە تۆھپە قوشۇۋاتقان، ماددىي تۇرمۇش كاپالىتى ئۈچۈن تىجارەت قىلىشقا يىراققا بارالمايدىغان) ھاجەتمەن كىشىلەرگە خەير-ئېھسان قىلىنىشى كېرەك. ئەھۋالنى ئۇقمىغانلار ئۇلارنىڭ نەرسە تىلىمىگەنلىكلىرىگە قاراپ، ئۇلارنى باي دەپ گۇمان قىلىدۇ. ئۇلارنىڭ چىرايىدىن تونۇيسەن. ئۇلار كىشىلەرگە چاپلىشىۋېلىپ تىلەمچىلىك قىلمايدۇ. مېلىڭلاردىن نېمىنى خەير-ئېھسان قىلماڭلار، ئاللاھ ھەقىقەتەن ئۇنى بىلگۈچىدۇر**''(«بەقەرە» سۈرىسى {2-سۈرە}، 273-ئايەت).

يۇقىرىقى ئايەتنىڭ مەزمۇنىدىن شۇنى كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئۆزىنىڭ نامراتلىقى تۈپەيلىدىن تىلەمچىلىك قىلىدىغان ياكى بەك نامرات بولمىسىمۇ تىلەمچىلىكنى كەسىپ قىلىۋېلىپ، يەتتە ئەزاسى ساغلام تۇرۇپ ھالال ئىشلىمەي تەييارغا ھەييار بولىدىغان، يۈزىنى داپتەك قىلىپ، يالغان-ياۋىداق سۆزلەر بىلەن باشقىلارغا ھاياسىزلارچە قول تەڭلەيدىغانلارغا بىر نەرسە بېرىش توغرا ئەمەس. ئەڭ ياخشىسى بۇنداقلارغا نەسىھەت ئارقىلىق مەنىۋى ئوزۇق بېرىپ، ئۇلارنى مەنىۋى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇشقا يېتەكلىشىمىز زۆرۈر. مەنىۋى نامراتلىق ماددىي نامراتلىقنىڭ بىردىنبىر سەۋەبچىسى. بىز قەلبىمىزنى مەرىپەت نۇرى بىلەن يورۇتۇشقا تىرىشىدىغانلا بولساق، بىزدىكى مەنىۋى نامراتلىق يوقۇلۇپ، دۇنيا ۋە ئاخىرەتتە ھەر جەھەتتىن خاتىرجەم، بەختلىك بولالايمىز.

بىزنىڭ ماددىي جەھەتتىن قىلغان خەير-ئېھسانىمىزنىڭ قانچىلىك كۆپ بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئاللاھنىڭ رىزالىقى ئۈچۈن بولمىسا ۋە توغرا ئورۇنغا ئىشلىتىلمىسە، ئۇنىڭ قىلچىلىك ساۋابى بولمايلا قالماستىن بەلكى گۇناھقا سەۋەب بولۇش ئېھتىمالى بار. مەسىلەن، بىرسى يالغان سۆز بىلەن نەرسە تىلەپ كەلسە،

ئۇنى ئېنىقلىمايلا پۇل بەرسەك، تىلەمچى شۇ پۇل بىلەن گۇناھ سادىر قىلسا، ئۇنىڭ گۇناھ سادىر قىلىشىغا بىز سەۋەبچى بولغان بولىمىز. خەير-ساخاۋەت ۋە باشقا ئەمەللەرنى ئاللاھ رىزالىقى ئۈچۈنلا قىلماي باشقىلارغا كۆرسىتىش ئۈچۈن ياكى دۇنيالىق غەرەز بىلەن قىلساق، دىلىمىزدا ئاللاھنى ئويلىغان تەقدىردىمۇ ئۇنىڭغا باشقا غەرەز قوشۇلغانلىقى ئۈچۈن ئاللاھقا شېرىك كەلتۈرگەن بولۇپ، ناھايىتى چوڭ گۇناھكار بولىمىز.

شۇڭا بىز تىلەمچىلىك قىلمايدىغان، ئۆز تۇرمۇشىنى قامداش ئۈچۈن ناھايىتى جاپالىق ئىشلەۋاتقان بولسىمۇ يەنىلا ئىقتىسادىي قىيىنچىلىق تارتىۋاتقان مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ تۇرمۇش ئەھۋالىنى كۆزىتىپ، ئۇلارغا ماددىي ۋە مەنىۋى جەھەتتە يار-يۆلەك بولۇشىمىز لازىم.



«مىشكاتۇل مەسابىھ» دېگەن كىتابنىڭ «خەلق ئاممىسىغا مېھىر-شەپقەتلىك بولۇش» دېگەن بابىنىڭ 3-پەسىل قىسمىدا ئىبنى ئابباس رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە: ''**يېنىدىكى ئاچ قالغان قوشنىسى بىلەن كارى بولماي، قورسىقى توق يۈرگەن كىشى مۆمىن ئەمەس**'' دېيىلگەن. يەنە شۇ كىتابنىڭ «مېھىر-شەپقەت توغرىسىدا» دېگەن بابىنىڭ 1-پەسىل قىسمىدا، ئەبۇ مۇسا رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىستە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**بارلىق مۆمىنلەر بىر بىنانىڭ خىشلىرىغا ئوخشاش بىر-بىرىنى مۇستەھكەملەپ تۇرىدۇ**''دەپ، ئىككى قولىنىڭ بارماقلىرىنى بىر-بىرىگە كىرىشتۈرۈپ كۆرسەتكەن. ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**مۆمىنلەر ھەقىقەتەن (دىندا) قېرىنداشلاردۇر**'' («ھۇجۇرات» سۈرىسى {49-سۈرە}، 10-ئايەت). ھەر قانداق بىر مۆمىن زېمىننىڭ قانداق بىر يەردە بولۇشىدىن قەتئىينەزەر، ئۇنىڭغا بىرەر مۇسىبەت يەتسە، ئۇ بارلىق مۇسۇلمانلارغا يەتكەن مۇسىبەت بولىدۇ، ھەقىقىي مۆمىن ئۆزىنىڭ مۆمىن قېرىندىشى قىيىنچىلىقتا قالسا قاراپ تۇرمايدۇ.

يېقىنقى يىللاردىن بۇيان بىز «قۇرئان كەرىم» ۋە سۈننەت روھىدىن چەتنەپ، تويى-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىدا يوتقانغا قاراپ پۇت سۇنماي، ھەشەمەتچىلىكنىڭ زىندانىغا ئۆزىمىزنى ئېتىپ، تۇرمۇشىمىزنى ۋەيران قىلىۋاتىمىز. ھەشەمەتچىلىك ئىنتايىن قاملاشمىغان بىر ئىللەت، بولۇپمۇ بىزنىڭ ھازىرقى ھالىتىمىزگە نىسبەتەن تېخىمۇ شۇنداق. بىز ئۇن نەچچە يىلدىن بېرى ئۆلۈش-تىرىلىشىمىزگە باقماي ھەشەمەتچىلىك ھارۋىسىنى سۆرەپ ھالىمىزدىن كەتتۇق، بىراق يەنە سۆرەۋاتىمىز، ئۇ ھارۋىنى تارتقۇدەك دەرمانىمىز قالمايۋاتسىمۇ يەنە ئەخمەقلەرچە سۆرەۋاتىمىز. بىزدىكى روھىي نامراتلىق ئۆزىمىزنى توغرا تونۇپ، ئۆز ھالىمىزنى ئىسلاھ قىلىشقا يول قويمايۋاتىدۇ. يېقىنقى 20 نەچچە يىلدا ماددىي تۇرمۇشىمىز خېلى ياخشىلانغان بولسىمۇ، ئېرىشكەن ئازدۇر-كۆپتۇر بايلىقىمىز مەنىۋى نامراتلىقىمىزنىڭ قۇربانىغا ئايلىنىپ كېتىۋاتىدۇ. ئايدا بىرەر كىلوگرام گۆش يېگۈدەك، زىمىستان سوغۇقتا ئوتۇن-كۆمۈر ئېلىپ قالغۇدەك ئازغىنە ئىقتىسادى يوق كىشىلەرمۇ ''قىلمىساق كۆپچىلىك ئالدىدا سەت تۇرىدۇ، خەق زاڭلىق قىلىدۇ''دەپ نەزىر-چىراغلىرىغا جازانە قەرز ئېلىپ، نەچچە مىڭلاپ پۇل چىقىم قىلىپ، تاپقىنىنى توخۇغا دان چاچقاندەك چېچىپ تۈگىتىپ

uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

ئىسراپخورلۇق قىلىشماقتا. ئاللاھ تائالا مۇنداق دەيدۇ: ''**ئاللاھ تائالا ھېچكىمنى تاقىتى يەتمەيدىغان ئىشقا تەكلىپ قىلمايدۇ**'' («بەقەرە» سۈرىسى {2-سۈرە}، 286-ئايەتنىڭ بىر قىسمى). ئەگەر سىز، مەن باي، مېنىڭ كۆپ پۇل چىقىم قىلىشقا قۇدرىتىم يېتىدۇ، دېسىڭىز ئۇنداقتا سىز «بەنى ئىسرائىل» سۈرىسى {17-سۈرە} نىڭ 26-، 27-ئايەتلىرىگە نەزەر سېلىڭ: ''**(پۇل-مېلىڭنى ناتوغرا يوللارغا) سەرپ قىلمىغىن، ئىسراپ قىلغۇچىلار ھەقىقەتەن شەيتانلارنىڭ قېرىنداشلىرىدۇر**''.

بىز بىر ئاز تەپەككۇر قىلىدىغان بولساق، يۇقىرىقى ئىككى سۈرىدىكى ئايەتلەردىن شۇنداق يەكۈن چىقىرالايمىزكى: نامرات ئادەم نەزىر-سەدىقات ئېتىمەن دېگەندىن كۆرە ئۆز خوتۇن-بالىلىرىنىڭ تۇرمۇشىنى ياخشى ئورۇنلاشتۇرغىنى تۈزۈك. «تەنبىيھۇل غاپىلىن» (غاپىللارغا تەنبىھ) دېگەن كىتابنىڭ 126-بېتىدە ئەنەس ئىبنى مالىك رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلىپ مۇنداق دېگەن: **مەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن: 'خوتۇن-بالىلىرىغا پۇل چىقىم قىلغانىنىڭ ساۋابى كۆپمۇ ياكى ئاللاھ يولىدا باشقا ياخشى ئىشلارغا پۇل چىقىم قىلغانىنىڭ ساۋابى كۆپمۇ؟' دەپ سورىغانىدىم، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: 'خوتۇن-بالىلىرىڭغا بىر تەڭگە پۇل چىقىم قىلساڭ، باشقا ياخشى ئىشقا مىڭ تىللا پۇل چىقىم قىلغاندىن ساۋابى ئېشىپ كېتىدۇ'** ''دېگەن.

دېمەككى، باي ئادەم ''خەق نېمە دەپ قالار'' دەپ خەقنى ئاللاھقا شېرىك قىلىدىغان ئىشقا ئورۇنسىز پۇل خەجلىمەي، ئۆزىنىڭ نامرات تۇغقانلىرى، قولۇم-قوشنىلىرى ۋە باشقا مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىغا ياردەم قولىنى سۇنۇشى كېرەك، شۇنىڭدىلا ئۇنىڭ ئەمىلىنىڭ ساۋابى كاتتا، ئەھمىيىتى چوڭ بولىدۇ. ئاللاھ تائالا: ''**تۇغقانغا، مىسكىنگە، پۇلى ئۈزۈلۈپ قالغان مۇساپىرغا خەير-ساخاۋەتتىن ھەققىنى بەرگىن**'' دېگەن. («بەنى ئىسرائىل» سۈرىسى {17-سۈرە}، 26-ئايەت). باشقا غەرەز ۋە دۇنيالىق ئىشلارنى ئويلىماي، پەقەت ئاللاھنىڭ رازىلىقى ئۈچۈنلا ياخشى ئەمەللەرنى قىلىش كېرەك، بۇ ھەقتە ئاللاھ تائالا مۇنداق دېگەن: ''**كىمكى پەرۋەردىگارىغا ئۇچرىشىشنى ئۈمىد قىلىدىكەن (يەنى ساۋابىنى ئۈمىد قىلىپ، ئازابىدىن قورقىدىكەن)، خالىس ياخشى ئىش قىلسۇن، ئىبادەتتە ھېچكىمنى پەرۋەردىگارىغا شېرىك قىلمىسۇن**'' («كەھف» سۈرىسى {18-سۈرە}، 110-ئايەت).

''نەزىر'' (**نذر**) نىڭ لۇغەت مەنىسى ''ۋەدە قىلماق'' دېگەنلىك بولىدۇ، ھەرگىز ''قازان ئېسىپ ئادەم چاقىرماق'' دېگەنلىك بولمايدۇ. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: ''**كىمكى بىرەر ياخشى ئىشقا نەزىر قىلسا (يەنى مەن پالانى ياخشى ئىشنى چوقۇم قىلىمەن دەپ ۋەدە قىلغان بولسا) نەزىرىسىگە ۋاپا قىلسۇن (يەنى شۇ ئىشنى قىلسۇن)**'' دېگەن. لېكىن قازان ئېسىپ ''نەزىر'' دەپ ئادەم چاقىرىش ئىسلام دىنىدا پەرزمۇ ئەمەس، ۋاجىپ ياكى سۈننەتمۇ ئەمەس، پەقەت بىزدە شەكىللەنگەن بىر خىل ئادەت. كۆڭلىمىز پەقەت ئۇنىمىسا خەتمىقۇرئان قىلغۇچىلاردىن بىر نەچچىنى چاقىرىپ قۇرئان تىلاۋەت قىلغۇزىۋەتسەكمۇ كۆڭلىمىز ئەمىن تاپىدۇ، ئەمما بۇمۇ ئاددىي-ساددا، تېجەشلىك بولۇشى كېرەك، تېخىمۇ كۆپرەك راسخوتنى يەنىلا نامراتلارغا، خەيرىيەت ئىشلىرىغا ئاتىشىمىز كېرەك. ھازىر جەمئىيەتتە بىر ۋاق تاماققا زار ئادەم خېلى كۆپ تۇرسا، نەزىرگە بېرىپ بىر قېتىم قورساق تويغۇزىۋېلىپ كۆڭلىمىز خوش بولۇپ قالارمۇ؟ ياق، نۇرغۇن ئىقتىساد ئورۇنسىز ئىسراپ بولغاندىن باشقا، ''پالانى

يەرگە نەزىرگە بارىمىز‘‘دەپ بىر مۇنچە يول يۈرۈپ نۇرغۇن ۋاقتىمىزمۇ ئىسراپ بولىدۇ تېخى!

بىر كەنتنى مىسالغا ئالساق، بىر يىلدا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ئالتە ئائىلىدە نەزىر بولدى دېسەك، ھەر بىرىگە ئاز دېگەندە 1مىڭ 500يۈەن چىقىم قىلىندى دەپ ھېسابلىغاندىمۇ 9مىڭ يۈەن كەتتى دېگەن گەپ، بۇنى مىڭ يۈەندىن بەرگەندە بىر يىلدا بىر كەنتتە توققۇز ئائىلە قىيىنچىلىقتىن قۇتۇلىدۇ.

توي-تۆكۈن، ئۆلۈم-يېتىم ئۆزىتىش ئىشلىرىدىكى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپخورلۇق بىزنى ئېغىر دەرىجىدە ھالسىراتماقتا، خەق نېمە دەپ قالار دەپ ياشايدىغان قۇللارچە ھاماقەتلىكىمىزنىڭ دەردىنى قاچانغىچە تارتىمىزكىن؟ ئەسلىدە قۇرئان ۋە ھەدىسنىڭ روھى بويىچە بولغاندا، ئىقتىسادى ياخشىلار قېرىنداشلىرىنىڭ ئاخىرەتلىكى ئۈچۈن خەير-ساخاۋەت قىلماقچى بولسا، خەققە داۋراڭ سالغاننىڭ ئورنىغا، چىقىم قىلىدىغان پۇلىنى ئۆز مەھەللىسىدىكى ئەڭ نامرات قېرىنداشلىرىغا ئۈلەشتۈرۈپ بېرىۋەتسىلا ئىشنىڭ ئەڭ ئالىي يولى، ئەۋزىلى شۇ ئەمەسمىدى؟! مۇبادا بىز پۇل-مېلىمىزنى ئاللاھ يولىدا ئەڭ ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلساق بۇ دۇنيادا ئۇنىڭ نەتىجىسىنى كۆرىمىز، ئاخىرەتتە چەكسىز ساۋابقا ئېرىشىمىز.

ئەبۇ ھۇرەيرە رەزىيەللاھۇ ئەنھۇنىڭ پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامدىن رىۋايەت قىلغان ھەدىسىدە مۇنداق دېيىلگەن: ‘‘ **يەتتە تۈرلۈك كىشى بار. قىيامەت كۈنى قاتتىق ئىسسىق بولۇپ، ئەرشنىڭ سايىسىدىن باشقا سايە يوق چاغدا ئاللاھ تائالا ئۇلارنى ئەرشنىڭ ئاستىدا سايىدىتىدۇ، 1) ئىمانى كامىل ئادىل پادىشاھ؛ 2)ياش چېغىدىن تارتىپ ئىزچىل ئىبادەت قىلغان كىشى:3)قەلبى داۋاملىق مەسچىتكە باغلانغان كىشى:4)ئاللاھ يولىدا دوست بولۇشقان كىشىلەر:5) گۈزەل بىر ئايال چاقىرسا، ئاللاھدىن قورقىمەن دەپ تەلىپىنى قوبۇل قىلمىغان كىشى:6)سەدىقىنى ئىنتايىن مەخپىي ھالدا قىلغان كىشى:7)خالىي بىر جايدا ئاللاھنى ياد ئېتىپ ئولتۇرۇپ كۆزىدىن ياش ئاققۇزغان كىشى**‘‘(«سەھىھۇل بۇخارى» ، 191-بەت).

ھۆرمەتلىك مۇسۇلمان قېرىنداشلار! بارلىق مۇسۇلمانلارنىڭ يولباشچىلىرى بولغان ھۆرمەتكە سازاۋەر دىنىي زاتلار! كۆپ يىللاردىن بېرى بىزنىڭ نۇرغۇن ئىقتىسادىي بايلىقىمىز بىزنىڭ بىلىمسىز قالغان بىر قىسىم جامائەتلىرىمىزنىڭ كۆزىنى يۇمۇپلا ھەشەمەتچىلىك سەنىمىگە دەسسىشى نەتىجىسىدە بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتسا، بۇنىڭغا سۈكۈت قىلىپ تۇرساق قانداق بولار؟! بىزدە مەسئۇلىيەت دېگەن نەرسە يوقمۇ؟! بىزنىڭ كۆپچىلىكنى «قۇرئان كەرىم» ۋە «ھەدىس شەرىف» روھى بويىچە ھەر جەھەتتىن توغرا يولغا سېلىش مەجبۇرىيىتىمىز بار، بۇ ھەم ئاللاھ تائالا ئالدىدىكى مەسئۇلىيىتىمىزدۇر. بىز دىنىي زاتلار جۈمە كۈندىكى ئازغىنە ۋەز-تەبلىغ قىلىش ۋاقتى ۋە جامائەت سورۇنلىرىدىكى باشقا قىممەتلىك پۇرسەتلەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، جامائەتلىرىمىزگە تەشۋىق-تەربىيە قىلىش ئارقىلىق، بىھۇدە ئىسراپ بولۇپ كېتىۋاتقان پۇل-مېلىمىزنى ئەھمىيەتلىك ئىشلارغا سەرپ قىلىشقا مەركەزلەشتۈرۈشىمىز، بۇ دۇنيالىقتا توق، خاتىرجەم، بەختلىك ياشىشىمىز، شۇنداقلا ئاخىرەتتە مەڭگۈلۈك بەخت-سائادەتكە ئېرىشىشىمىز ئۈچۈن پۇختا ئاساس سېلىشىمىز لازىم.

بىز بىردىنبىر ئىگىمىز بولغان ئاللاھ تائالادىن بارلىق ئىشلىرىمىزدا بىزنى توغرا يولغا سېلىشنى تىلەيمىز-ئامىن!

(ئاپتور: مارالبېشى ناھىيە جۇڭقۇرچاق يېزا 18-كەنتنىڭ ئىمامى، خاتىبى؛ تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

www.uyghurkitap.com ئۇيغۇر كىتاب تورى

# ھەشەمەتچىلىكنى قاچانمۇ تۈگىتىمىز؟

ئابدۇرەھىم ئىمىت

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ھەممىزگە مەلۇم، يېقىنقى يىللاردىن بۇيان توي-تۆكۈن، زىياپەت، مەرىكىلەر ھەر خىل قائىدە، ھەر خىل ئاتاق بىلەن كېڭىيىپ، ئەنئەنىۋى قائىدىمىزدىن چەتنەپ، ئىقتىسادىي ئەھۋالىمىزدىن زور دەرىجىدە ھالقىپ، ھەشەمەتنى كۈندىن كۈنگە ئۆرلەپ بىر ئىجتىمائىي ئاپەتكە ئايلانماقتا. ئۇنى توسۇش ۋە ئۇنىڭغا چەك قويۇش ھەر مىللەت خەلقىنىڭ تەقەززاسى ۋە ئارزۇسى، شۇندىقلا ھەر مىللەت ئاممىسىدىن چىققان غەمگۇزار كىشىلەرنىڭ باش تارتىپ بولمايدىغان مۇھىم ۋەزىپىسى بولۇپ قالدى.

ھەشەمەتچىلىك مىللەتنى ۋەيران قىلىدىغان يوشۇرۇن ئاپەت. بۈگۈنكى يېڭى ئەسىردىمۇ بىزدىكى ھەشەمەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك بارغانچە ئەۋج ئالماقتا. بەزىلەر توي-تۆكۈن، مېھماندارچىلىق، ئۆلۈم-يىتىم ئىشلىرىنى پۇل-ماللىرىنى كۆز-كۆز قىلىدىغان مۇسابىقە سورۇنىغا ئايلاندۇرۇپ قويماقتا. بەزى ئاز ساندىكى رەھبىرىي كادىرلارمۇ، ھۆرمەتلىك دىنىي زاتلارمۇ ئۆز سالاھىيىتىنى ئۇنۇتۇپ، توي-تۆكۈن، مېھماندارچىلىق ئىشلىرىدىن پايدىلىنىپ، باشقىلارنىڭ سوۋغا-سالاملىرىنى قوبۇل قىلىپ، بېيىش يولىنى ئېچىۋاتىدۇ. بەزىلەر ھەشەمەتچىلىكنى ‘‘مىللىي ئەنئەنە’’ دەپ جار سېلىۋاتىدۇ. ئەسلىدە مىللىتىمىزنىڭ ھەقىقىي ئەنئەنىسى تىرىشچانلىق، ئىقتىسادچانلىق، ئاددىي-ساددا بولۇش ئىدى. جەمئىيەتتە ھەشەمەتچىلىك، شۆھرەتپەرەسلىك، مەنمەنلىك قانچە ئەدىگەنسېرى چىرىكلىك، جىنايەت شۇنچە كۆپىيىدۇ. بۇ قورقۇنچلۇق ئىجتىمائىي ئاپەت جەمئىيەتنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي مۇقىملىقىنى بۇزىدۇ، پۇقرالارنىڭ تىنچ، خاتىرجەم تۇرمۇشى ۋە ئۆز ئارا ئىناقلىقىغا زور خەۋپ يەتكۈزىدۇ. تارىختىكى پاكىتلار ئىسپاتلىدىكى، قايسى مىللەت ھەشەمەتچىلىك، ئابرويپەرەسلىك ۋە چىرىكلىشىش يولىغا ماڭىدىكەن، شۇ مىللەت روناق تاپالمايدۇ، خاراپلىشىدۇ، بەلكىم يوقىلىدۇ. گېزىت-ژۇرناللاردا بېسىلغان نۇرغۇن ماقالىلىرىمىزدا، تېلېۋىزورلاردا كۆرسىتىلگەن سەنئەت پروگراممىلىرىدا يامان ئىللەتلىرىمىز تەنقىد قىلىنىۋاتقان بولسىمۇ، لېكىن ئەھۋالدا ياخشىلىنىش بولماي ئەكسىچە تېخىمۇ ئەدەپ كېتىۋاتىدۇ. ھەر خىل ‘‘چاي’’لار بۇرۇن ئائىلىلەردە، ئىدارىلەرنىڭ زاللىرىدا ئۆتكۈزۈلگەن بولسا، ھازىر رېستورانلاردا ئۆتكۈزۈلمەكتە. شەنبە ياكى يەكشەنبە كۈنلىرى بەزىدە تۆت-بەش سورۇنغا بېرىشقا توغرا كېلىدۇ.

كىشىلىك تۇرمۇش ئىجتىمائىيلىققا ھەم خاسلىققا ئىگە، تۇرمۇش كىشىنىڭ ئۆزىگىلا تەۋە بولغاندىلا ئاندىن رەڭدارلىققا ئىگە بولىدۇ، گۈزەل بولىدۇ. بۇ مەنىدىن ئېيتقاندا بىز ئۆزىمىزگە ئۆزىمىز ئىگە بولالماي قېلىۋاتىمىز. دەم ئېلىش كۈنلىرى كەلگىچە بىزنىڭ بوش ۋاقىتلىرىمىز ‘‘چاي’’ باغاقلىرى ئارقىلىق ‘‘ھۆرمەت بىلەن’’ چاقىرغۇچىلار تەرىپىدىن ئورۇنلاشتۇرۇلۇپ بولۇنىدۇ. شۇنىڭ بىلەن چاقىرىلغۇچى، چاقىرغاندىن

كېيىن بارمىساق بولامدۇ دەپ قاراپ، دەۋرىي خاراكتېرلىك ئادىمگەرچىلىك داۋاملىشىدۇ. قىسقىسى، ئىستېمال سەۋىيىسى ئۆسۈۋاتقان ئىقتىسادىي شارائىتتا، نەچچە ”قىرقىش“تىن ئۆتۈپ تەگكەن ئازغىنە مائاشىمىزغا، بىر يىللاپ دوم يېتىپ قويۇپ تاپقان، باج-سېلىقتىن ئاشقان ئازغىنە ئىگىلىك كىرىمىمىزگە شۇ ھەشەمەتچىلىك دەستىدىنلا ئۆزىمىز تولۇق ئىگە بولالمايمىز. كۆپ ھاللاردا نۇرغۇن ۋاقتىمىز، پۇلىمىز ئادىمگەرچىلىككە كېتىپ قالىدۇ. بالىلىرىمىز ئائىلىدە تەربىيىسىز قېلىۋاتىدۇ، مەكتەپ تەربىيىسىگە پەقەتلا ماسلىشالماي قېلىۋاتىمىز. پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كېيىنكى تەقدىرىدە قىلچە مەسئۇلىيىتىمىز يوقتەك پەرۋاسىز يۈرۈۋاتىمىز. بىزدىن باللارغا ئەدەپ-ئەخلاق، بىلىم، ھىممەت ئەمەس، بەلكى ھەر خىل ئىللەت، مەرەز يۇقۇۋاتىدۇ. توختاۋسىز ئىلگىرىلەۋاتقان دەۋر ئالدىدا مەسخىرە قىلىنىۋاتساقمۇ، بۇ مەسخىرىدىن قۇتۇلۇش ئۇ ياقتا تۇرسۇن، جاھاندىن بىغەم ئويناپ يۈرۈۋاتىمىز. ئىلىم-پەن ئۇچقاندەك تەرەققىي قىلىۋاتقان، كۈندە ھەر خىل ئۇچۇر يېڭىلىقلار بولۇۋاتقان ھازىرقى جەمئىيەتتە كىشىلەر ئارىسىدىكى ھەقىقىي رىقابەت ھەشەمەتچىلىك رىقابىتى ئەمەس، بەلكى مىللەتنىڭ ئابرۇيىنى تىكلەش، قەددىنى كۆتۈرۈش يولىدىكى ئىختىساسلىقلار رىقابىتىدۇر. ئەگەر مىللىتىمىز، پەرزەنتلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىنى ھەقىقىي ئويلايدىكەنمىز، ئىدىيىمىزنى يېڭىلاپ، خەق نېمە قىلسا ئەگىشىۋەرمەي ئاۋۋال ئۆزىمىزنىڭ روھىغا، پۇلىغا، ئائىلىمىزگە... ئىگە بولۇشىمىز، پەرزەنتلىرىمىزگە كۆيۈنۈشىمىز لازىم، كۆيۈنۈشىمىزنى پەرزەنتلىرىمىزنىڭ ”بۆشۈك توي“، ”تۇغۇلغان كۈن“، ”سۈننەت توي“... لىرىنى ئىسراپخورلۇق بىلەن ئۆتكۈزۈشكە ئەمەس، بەلكى ئۇلارنى ئىقتىسادچىل، ئەقىللىق قىلىپ تەربىيىلەشكە قاراتساق، رېستورانلاردا بۇزۇپ-چاچقان پۇللارنى ئىقتىساد قىلىپ بالىلىرىمىزنىڭ كەلگۈسىگە مەبلەغ سالساق، قانداق ياخشى بولاتتى-ھە! ئەگەر ئۆزىمىزنىڭ نامراتلىق، قالاقلىق، نادانلىق ھالىتىنى تېزراق تۈگىتىپ، مەملىكىتىمىز ۋە دۇنيادىكى تەرەققىي قىلغان، قىلىۋاتقان ئىلغار مىللەتلەردەك ياشاشقا ئىنتىلىمىز، تىرىشىمىز دەيدىكەنمىز، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزدىكى ھەشەمەتچىلىك، دورامچىلىق، ھورۇنلۇق، مەنمەنچىلىك، ئۈمىدسىزلىك ئىللەتلىرىنى تۈگىتىپ، ئۆزىمىزگە خاس رەڭدار، گۈزەل تۇرمۇش يارىتىشقا تىرىشىشىمىز، تەتۈر ئېقىمغا ئەگىشىۋەلىكىمىز، خەق ئۇچۇن ياشايدىغان قۇلمىجەز، ھاماقەت بىچارىلەردىن بولماسلىقىمىز كېرەك. ئۇيغۇر مۇسۇلمان بولغان ئىكەنمىز مىللىتىمىزنىڭ ئېسىل ئەخلاق-پەزىلىتىنى، ئەنئەنىۋى گۈزەل ئۆرپ-ئادىتىمىزنى ئەسلىگە كەلتۈرۈشىمىز، ئۇنى قوغدىشىمىز ۋە راۋاجلاندۇرۇشىمىز كېرەك.

ھەر مىللەت ئاممىسى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار، ھۆرمەتلىك ئۆلىمالىرىمىز، دىنىي زاتلىرىمىز جەمئىيەت ۋە مىللەت ئالدىدا جاۋابكار بولۇشى، ئاكتىپ ھەرىكەتكە كېلىپ، ناچار ئۆرپ-ئادەتلەرنى ئۆزگەرتىش، ئىسراپچىلىققا قارشى تۇرۇش، توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ئىشلىرىنى ئاددىي ئۆتكۈزۈشتە ئاۋامغا باشلامچى بولۇشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىرگە بىز مۇسۇلمانلارمۇ ھۇشىمىزنى يىغىپ، ھەشەمەتچىلىك شاملىنى توسۇپ، مەدەنىيەتلىك، ساغلام دىنىمىزنى قوغداپ، ئىلمىي تۇرمۇش تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىمىز كېرەك.

(ئاپتور: كورلا شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com



# قىزلىرىمىزغا تەكلىپ

زۇلپىيە ئوسمان

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

قىزلار جەمئىيەتنىڭ گۈلى، كېلىچەكتىكى ئانا، ئەۋلادلارنى تەربىيىلەپ قاتارغا قوشقۇچى ئەڭ مېھرىبان باغۋەن. ئۇلار كەلگۈسىدە قىلچە شەخسىيەتسىز ھالدا سان-ساناقسىز پەرزەنتلەرنى تەربىيىلەپ ئاتارغا قوشۇپ، ئۆزىنىڭ ئانىلىق مەجبۇرىيىتىنى ئادا قىلىدۇ. شۇڭا رەسۇلۇللاھ ئانىلارنى تەرىپلەپ" **جەننەت ئانىلارنىڭ تاپىنى ئاستىدا**" دەپ ناھايىتى توغرا ئېيتقان. قىزلار بۇ بۈيۈك سۈپەتلىرىدىن پەخىرلىنىپ، ئۆز ئىززەت-ھۆرمىتىنى قوغداپ، توغرا ئېتىقاد، ئەخلاق-پەزىلەت يولىدا ماڭغاندىلا جەمئىيەتتە ئېزىقماي، ئۆزىنىڭ بىر كىشىلىك قەدىر-قىممىتىنى ساقلاپ قالالايدۇ، ئۇنداق بولمىغاندا ئۆزىنىڭ ھۆرمىتىنى يوقۇتۇپ، جەمئىيەتتە خۇددى كېرەكسىز بىر ئەخلەت دۆۋىسىدەك تاشلىنىپ قالىدۇ.

يېقىندا مەن ئەتراپىمدىكى كىشىلەردىن قىزلار توغرىسىدىكى بەزى يامان گەپ-سۆزلەرنى ئاڭلاپ قالدىم. ئۇلارنىڭ دېيىشىچە، ھازىر جەمئىيىتىمىزدە بىر قىسىم قىزلارنىڭ ئەخلاقى بۇزۇلۇپ، شەھۋانىي ھەۋەسلەرگە شۇنچە بېرىلىپ، ھە دېسىلا رېستوران، تانسىخانا، كىنوخانىلاردىن چىقماي، كېچە-كېچىلەپ ئويناپ يۈرۈيدىكەن. بەزى قىزلار بىرەر ئوغۇل بىلەن ئارىلىشىپ، ئىككىيلەن بىر-بىرىنى ياخشى كۆرۈشۈپ قالغاندىن كېيىن، توي قىلىش قارارىغا كېلىپ، سىرتلاردا ئېچىلەپ ئويناپ يۈرۈپ ئاخىر ئاتا-ئانىسىغا توي ئىشى توغرىلىق ئېغىز ئاچقاندا، قىز ياكى ئوغۇلنىڭ ئاتا-ئانىسى ئۇلارنىڭ ئىسلامىيەتكە قارشى ھالدا ناتوغرا ئارىلىشىشىنى توغرا تاپماي، ئۇلارنىڭ توي قىلىشىغا قوشۇلمىغاندا، ئۇلار ئۆز يۇرتىدىن يۈز ئۆرۈپ، يىراق يۇرتلارغا قېچىپ چىقىپ، نىكاھ قىلىشىپ، ھەتتا بەزىلىرى نىكاھ قىلمايلا توي قىلىپ بىر نەچچە بالا تېپىپ، كېيىن يەنە نومۇس قىلماي ئۆز يۇرتلىرىغا قايتىپ كېلىپ ئاتا-ئانىسىغا ئىزا-ئاھانەت كەلتۈرىدىكەن... مەن بۇ گەپلەرنى ئاڭلاپ ناھايىتى بىئارام بولدۇم، ئىككى كېچە كىرپىك قاقماي شۇ قىزلارنىڭ — مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسىدىكى ئانىلىرىنىڭ ئاشۇنداق ئىشلىرىنى ئويلاپ، ئانا مىللىتىمگە ئېچىنىپ كۆزۈمدىن تاراملاپ ياشلار قۇيۇلدى...

ئادەم ئالىي تەپەككۇر قابىلىيىتىگە، ئەقىل-ئىدراككا ئىگە جانلىق، بۇ تەرىپى بىلەن ئۇ ھايۋانلاردىن ئالاھىدە پەرقلىنىپ تۇرىدۇ. ئىزا-نومۇسنى بىلمەيدىغان ھايۋانلار خالىغانلا يەردە چاڭلىشىۋېرىدۇ، ئەگەر ئادەملەرمۇ شۇنداق قىلىۋېرىدىغان بولسا ئۇنىڭ ھايۋانلاردىن نېمە پەرقى؟! مېنىڭچە قىزلار ئۆزىنى تۇتۇۋېلىشنى بىلىشى، كاللىسىغا بۇزۇق ھاۋايى-ھەۋەس خىياللىرى كىرىۋالغاندا ئۇنى كونترول قىلىشى، ھېسسىياتىنى ئەقلىگە بويسۇندۇرۇشى، ئىشىنىڭ ئاقىۋىتىنى ئويلىشى، ئۇنى رەت قىلىشى كېرەك.

"**ھايا ئىماننىڭ جۇملىسىدىندۇر**"(ھەدىس شەرىفتىن)، دەر ھەقىقەت، ھايا يېرىم

دۇنيا، قىزلاردا شەرم-ھايا، ئىپپەت-نومۇس بولغاندىلا، قىزلىق غورۇرىنى ساقلاپ ياشىغاندىلا جەمئىيەتنىڭ ھەقىقىي گۈلى سۈپىتىدە كىشىلەرنىڭ ھۆرمەت-زوقىغا، ئالقىشىغا ئېرىشەلەيدۇ؛

ئەخلاق — ئادەم زىننىتى، ئەگەر قىزلاردا توغرا غايە، ئەخلاق-پەزىلەت، ئاياللىق (ئانىلىق) سۈپىتىنى ساقلاش ئېڭى بولسا، ئىسلامىيەت يولىدا قەتئىي تەۋرەنمەي ماڭسا ھەقىقىي مۆمىن ئاياللاردىن بولالايدۇ.

مېنىڭچە، بىلىمسىزلىك، قالاقلىق ئاشۇنداق نادان قىزلىرىمىزنىڭ ئەقلىنى خىرەلەشتۈرۈپ، ئەخلاقىنى بۇزۇپ، ئىستىقبالىنى تۇگەشتۈرۈپ قويماقتا. نادانلىق ئۇلارنى ئۆز تەقدىرىنى، جۈملىدىن كەلگۈسى ئەۋلادلىرىغا قالدۇرىدىغان تەسىرىنى ئويلاپمۇ قويماستىن، قايسى يىگىت قاملاشقان، پۇلدار بولسا، كۆپرەك ئوينىتالىسا شۇنىڭ ئارقىسىدىن يۈگرەيدىغان ھالغا كەلتۈرۈپ قويغان. شۇڭا ھەر قانداق بىر مىللەتنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈشتە ئالدى بىلەن ئۇنىڭ مەدەنىيتىگە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، مەدەنىيەت ئىنسانغا ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئىنسانىي قىممىتىنى ھېس قىلدۇرىدىغان، روھىنى ھۆرلۈككە، ئەقلىنى كامالەتكە ئېرىشتۈرىدىغان تەڭداشسىز ئەڭگۈشتەر.

قىزلار ئاجىز ئەمما ئۇلۇغ، قىزلار شۇ ئۇلۇغلۇق سۈپىتىنى ساقلاپ ياشاش ئۈچۈن ھەر خىل شەكىلۋازلىقتىن، شۆھرەتپەرەسلىكتىن، شەھۋانىيلىقتىن ئۆزىنى تارتىپ، ئۆزىنىڭ پاكلىق، گۈزەللىك قىممىتىنى يارىتىشى ھەم ئۇنى قوغدىشى كېرەك.

ياخشى ئانىلاردىن ياخشى پەرزەنتلەر چىقىدۇ، ياخشى ئانا بولۇش ئۈچۈن قىزلار ئالدى بىلەن مۇستەھكەم بىر ئېتىقاد تىكلىشى، ۋۇجۇدىدا گۈزەل ئەخلاق-پەزىلەت يېتىلدۈرۈشى، ئۆزىنىڭ ھەقىقىي ئانىلىق بۇرچىنى ئادا قىلىشتەك شەرەپلىك مەجبۇرىيەتنى ئۈستىگە ئېلىشقا تەييارلىق كۆرۈشى كېرەك. قىزلار مىللىتىمىزنىڭ كەلگۈسى ئانىلىرى، مىللىتىمىزنىڭ پەخرى، مىللەت ئانىلىرىنىڭ قانداق بولۇشى شۇ مىللەتنىڭ كەلگۈسىگە بىۋاسىتە تەسىر كۆرسىتىدۇ. شۇڭا قىزلىرىمىز بۇ بۈيۈك، شەرەپلىك مەسئۇلىيەتنى ھەرگىز ئۇنتۇپ قالماسلىقى، ياخشى ئەۋلاد تەربىيىلەپ، ئۆز مىللىتى ئۈچۈن شانلىق ئابىدە تىكلىشى كېرەك.


(ئاپتور: قەشقەر شەھىرىدىن؛
تەھرىرلىگۈچى: شەمشىدىن ھاجى)

### ئەرەب دۆلەتلىرى قايسى دۆلەت (رايون) لەرنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ؟

ئەرەب دۆلەتلىرى ئومۇمەن ئەرەب ئەللىرى ئاساس قىلىنغان دۆلەتلەر بولۇپ، 22 دۆلەت ۋە رايوننى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. ئۇلار ئەرەب تىلى ۋە يېزىقىنى قوللىنىدۇ، ئۇلارنىڭ ئاھالىسىدىن مۇتلەق كۆپ ساندىكىلىرى ئىسلام دىنىغا ئېتىقاد قىلىدۇ. ئەرەب دۆلەتلىرىنىڭ ئومۇمىي يەر كۆلىمى تەخمىنەن 14 مىليون كۋادرات كىلومېتىردىن، ئاھالىسى 150 مىليوندىن ئارتۇق. ئۇنىڭ ئىچىدە ئاسىيانىڭ غەربىي قىسمىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرى ۋە رايونلىرىدىن سۈرىيە، لىۋان، ئىراق، ئىئوردانىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئومان، بەھرەيىن، يەمەن، پەلەستىن قاتارلىقلار بار؛ ئافرىقىنىڭ شىمالىدىكى ئەرەب دۆلەتلىرىدىن: مىسىر، سۇدان، لىۋىيە، تۇنىس، ماراكەش، ئالجىرىيە، ماۋرىتانىيە، سومالى، جىبۇتى قاتارلىقلار بار. (ياقۇپ ھاجى مۇھەممەد)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى www.uyghurkitap.com ئۇيغۇرچە كىتابلارنىڭ بېكەت ئادرېسى

# چەت ياقىلاردىكى ئىمام ۋە قارىيلىرىمىزنىڭ ساپاسىغا ئەھمىيەت بېرىلسە



نۇرمەھەممەت قۇربان

**بىسمىللاھىر رەھمانىر رەھىم**

**(ناھايىتى شەپقەتلىك ۋە مېھرىبان ئاللاھنىڭ ئىسمى بىلەن باشلايمەن)**

ئەسسالامۇ ئەلەيكۇم!

مەن بىر مۇسۇلمان بولۇش سۈپىتىم بىلەن دىيارىمىزدا، بولۇپمۇ چەت، يىراق ۋە نامرات ناھىيە، يېزا-كەنتلەردىكى مۇسۇلمان قېرىنداشلىرىمىزنىڭ ئىچىدە بولۇۋاتقان ناشايان ئىشلارغا ۋە ئىسراپچىلىقلارغا سۈكۈت قىلىپ تۇرۇۋاتقان بىر قىسىم ئىمام-قارىيلىرىمىزدا دىنىي ۋە پەننىي بىلىملەرنىڭ تولىمۇ كەملىكىنى ھېس قىلىپ قالدىم، بۇ ھال مىللىتىمىزنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا ئېغىر توسالغۇ بولماقتا.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى موشۇنداق پەيتتە دىنىي ئىلىم تەشنالىقىدا چۆلدە قالغان يولۇچىدەك چاڭقاپ كەتكەن مۇسۇلمانلىرىمىزنىڭ بىلىم تەشنالىقىنى قاندۇرىدىغان بىر قۇرىماس بۇلاق بولدى. ھازىر دىيارىمىزدىكى نۇرغۇن مۇسۇلمانلىرىمىز بۇ ژۇرنالنى قولدىن قولغا ئېلىپ ئوقۇپ ئۆزلىرىدىكى ئىللەتلەرنى تۈزەتمەكتە. بەزى ئوقۇرمەنلەر ژۇرنالنى تولۇق ئوقۇپ چىقىپ، مەن بۇ ژۇرنالنى ئوقۇپ چىققاندىن كېيىن قانداقتۇر دۇنيادىكى ئىسلام ئەللىرىگە بېرىپ زىيارەت قىلىپ كەلگەندەك بولدۇم دېسە، بەزىلەر، مەن ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا ئوقۇۋاتقان بىر تالىپ بولۇپ قالدىم، دەيدۇ. يەنە بەزىلەر، مەن ھەر جەھەتتىن يېتىشكەن بىر ئۆلىما-ئالىمغا شاگىرت بولدۇم، دەپ مەدھىيىلەشمەكتە.

ھازىر شىنجاڭنىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى چەت، يىراق ناھىيە، يېزا-كەنتلەردىكى بىر قىسىم مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى ۋە يەرلىك قارى-ئاخۇنلارنىڭ دىنىي ھەم پەننىي بىلىم سەۋىيىسى بىر قەدەر تۆۋەن، قىسمەنلىرىنىڭ يېشى 80دىن ئاشقان. بولۇپمۇ بۇ يېزىلاردا دورامچىلىقتىن كېلىپ چىققان ئابرويپەرەسلىك — توي-تۆكۈن، نەزىر-چىراغ ھەشەمەتچىلىكى ئەۋج ئېلىپ، ئىسراپچىلىق نۇرغۇن مۇسۇلمانلىرىمىزنى ھالىدىن كەتكۈزمەكتە. بۇ ھەقتە مەن ئۆزەم كۆرگەن بىر ئىشنى مىسال كەلتۈرۈپ ئۆتەي: مېنىڭ يېقىن بىر ئاغىنەمنىڭ قېيناتىسى بۇنىڭدىن ئون نەچچە يىل بۇرۇن ئالەمدىن ئۆتكەن بولۇپ، قېيىنانىسى يەتتە بالىنى بېقىپ، تۆتىنى ئۆي-ئوچاقلىق قىلىپ، قالغان ئۈچ بالا، ئىككى نەۋرە(بىر نەۋرىسىنىڭ ئاتا-ئانىسى يوق) بولۇپ بەش بالىنى بېقىپ ئاخىر كېسەل سەۋەبىدىن ئۆلۈپ كەتتى. ئۇ رەھمەتلىك ئايال بەش بالا بىلەن باشقىلارنىڭ قورۇسىدا ئولتۇرۇپ، ئەتىگىنى تاپسا كەچتە يوق، ئاشۇنداق غورىگۇل تۇرمۇش كەچۈرگەنىدى. مەرھۇمنىڭ مېيىتىنى ئۇزۇتۇشتا كېپەنلىك رەخت، گۆر كولاش ھەققى قاتارلىق چىقىملارنى كۈيئوغۇللىرى يىغىش قىلىپ پۈتتۈردى، ئۈچ نەزىرىسىنى قولۇم-قوشنىلىرى يىغىش قىلىپ ئۆزاتتى، يەتتە نەزىرىسىنى قىلىش ئۈچۈن ھەممىسى باش قاتۇرۇپ، تالاش-تارتىش قىلىشتى، نەزىرنىڭ سېلىقى ئاخىر يەنىلا كۈيئوغۇللارغا يۈكلەندى. كۈيئوغۇللارنىڭ ھال كۈنى ئارانلا بولسىمۇ قەرز قىلىپ قېيىنانىسىنىڭ يەتتە نەزىرىسىنى قىلدى. ناھىيىنىڭ ئاساسىي مەسچىتلىرىنىڭ بىرى بولغان مەلۇم

مەسچىتنىڭ ئىمام-مۇئەززىنلىرى ۋە بىر قىسىم قارىيلار باشچىلىقىدىكى جامائەت يوپۇرۇلۇپ كېلىپ بەخۇدۇك ئولتۇرۇپ ئاشۇنداق قەرز، تاپا-تەنە، يىغا-زارە ئۈستىگە سېلىنغان داستىخاندىكى پولونى ''ئېلىشسىلا، بېقىشسىلا'' دېيىشىپ، يەپ-ئىچىپ كېتىشتى. كىشىنى ئېچىندۇرىدىغان يېرى شۇكى، مەرھۇمغا ئاتاپ قۇرئان ئوقۇغان قارىيغا ھەق بېرىش توغرا كەلگەندە يەنىلا كۈيئوغۇللار، قوشنىلار يانچۇقلىرىنى كوچىلىشىپ مىڭ تەستە 40 يۈەن يىغىش قىلىپ قارىينىڭ ئالدىغا قويدى. قارىم گەپ قىلماي، بەش يېتىم بالىنىڭ مۆلدۈرلەپ تۇرغان كۆزلىرى ئالدىدا قىلچە خىجىل بولماي ئۇ پۇلنى يانچۇقىغا مەھكەم سېلىپ چىقىپ كەتتى. ئاغىنەم ئىككىمىز بىر-بىرىمىزگە قارىشىپ، نېمە دېيىشىمىزنى بىلەلمەي قالدۇق.

بۇنىڭدىن باشقا مەھەللە كويلاردا ئۆتكۈزىلىۋاتقان سۈننەت تويى، نىكاھ تويى، نەزىر-چىراغلاردىكى ھەشەمەتچىلىك، ئىسراپچىلىقنى دېمەيلا قوياي. ئەڭ ئاددىيسى، بۆشۈك تويى، جاي چېيى تويى، تۇغۇلغان كۈنى تەبرىكلەش... لەردە بولۇۋاتقان ئىسراپچىلىق كىشىنى ھەقىقەتەن ئېچىندۇرىدۇ. مانا موشۇنداق مەرىكە-مۇراسىملاردا قات-قات كۆرپىلەرنىڭ ئۈستىدە ئولتۇرۇپ، ھەر خىل نازۇ-نېمەتلەر بىلەن غىزالىنىۋاتقانلارمۇ يەنە شۇ ئىمام، مۇئەززىن، ھاجى، قارىملار ئەمەسمۇ!؟ بەزى ئۆيلەردە كېچىچە بولۇشىغا ھاراق ئىچىلگەن، تاماكا، نەشىدىن ئۆينىڭ ھاۋاسى بۇزۇلغان بولسىمۇ، بۇنى بىلىپ تۇرۇپ جامائەتلىرىنى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن ئىماملار قورسىقىنى تويغۇزىۋېلىپلا دۇئاغا قول كۆتۈرۈپ تويلارنى مۇبارەكلىشىدۇ. موشۇنداق كاتتا توي-مەرىكىلەر بولۇپ تۇرىدىغان مەلۇم بىر كەنتتە 1999-يىلى بىرىنچى ئوقۇش مەۋسۇمىدىلا ئوقۇش بەدەل پۇلىنى تۆلىيەلمەي مەكتەپتىن چېكىنگەن بالا 37 گە يەتكەن. قىسمەن ئائىلىلەر قىشتىكى 20-30 گرادۇسلۇق سوغوقلاردىمۇ كۆمۈر سېتىۋالالماي، قوناق مەدىكى قالاپ چىققان. نۇرغۇن ئائىلىلەر ئايلاپ گۆشلۈك غىزا ئېتىپ يېيەلمىگەن. خېلى كۆپ دېھقانلار ئەتىيازدا يېرىنى تېرىيالماي باشقىلارغا يىللىق كۆتىرىگە بېرىۋەتكەن.

بەزى بايۋەتچىلەر ئۆلۈملۈك بولغاندا مېيىت نامىزىغا ناھىيە ئىچىدىكى ۋە بىر قىسىم يېزىلاردىكى مەسچىتلەرگە چوڭ-كىچىك ماشىنا ئەۋەتىپ ئادەم چىللاپ، 15-20دىن ئارتۇق ئاپتوموبىل ئىشلىتىپ مېيىت ئۇزاتماقتا؛ يەتتە، قىرىق ۋە يىل نەزىر بەرگەندە پۈتۈن ناھىيە، يېزا تەۋەسىدىكى مەسچىتلەرگە باغاق بېرىپ ۋە ماشىنا ئەۋەتىپ داغدۇغا پەيدا قىلىپ، نەزىردە ھەر تۈرلۈك كالا-تۇياقلارنى سويۇپ، مال-بايلىقنى كۆز-كۆز قىلىشماقتا. مېيىت ئۈچۈن ئۆتكۈزۈلىدىغان قۇرئان تىلاۋەت قىلىش بۇ ئائىلىلەردە ئالاھىدە بولغاچقا، مەسچىت ئىماملىرى ئەگەشتۈرۈپ كەلگەن قارىيلار مەرھۇم ئۈچۈن ئاۋازلىرىنى بولۇشىغا قويۇپ بېرىپ قۇرئان ئوقۇپ، كونۋېرتقا سېلىنغان مۈنەك-مۈنەك پۇللارنى ھەشقاللا دەپ قوينىغا سېلىشماقتا.



دەپ ئۆتۈشكە تېگىشلىك يەنە بىر مۇھىم ئىش شۇكى، مىللىتىمىز ئىچىدە زامانىۋى كۆز قاراشلارنى قۇۋۋەتلەپ، ئەنئەنىۋى كۆز قاراشلاردىن بەزگەن قىسمەن ياشلىرىمىز ئىچىدە ئەركىن مۇھەببەتلىشىش بىر خىل مودىغا ئايلىنىپ، قىزلار تويىدىن بۇرۇن قورساق كۆتۈرىدىغان بولدى. بەزىلىرى ھامىلىنى يوشۇرۇن چۈشۈرىۋەتسە، بەزىلىرى بۇنىڭدىن قورقۇپ، ئوغۇل-قىز قېچىپ توي قىلماقتا. بۇ ئىشلارنى بىلىپ تۇرغان بەزى ئىماملىرىمىز ئازغىنە ماددىي مەنپەئەتنى دەپ، توي قىلمايلا بالىلىق بولۇش ئالدىدا تۇرغان بىر جۈپ ياشقا بەزىدە ئاشكارا، بەزىدە يوشۇرۇن نىكاھ ئوقۇماقتا. بىر قىسىم مۇسۇلمانلىرىمىز بۇ ئىشقا چىدىماي: ''تەقسىر، بۇ نېمە قىلغانلىرى؟'' دېسە، ياشلارغا تەلىم-نەسىھەت بېرىشتەك

www.uyghurkitap.com

بۇرچىنى ئۇنتۇپ قالغان ئۇ ئىماملار مەسئۇلىيەتتىن ئۆزىنى قاچۇرۇپ: ''قانداق قىلىمىز ئەمدى، بەندە دېگەن ئازغۇچى، ئاللاھ ئۆزى مەغپىرەت قىلغۇچى'' دەپ جاۋاب بېرىپ خاتىرجەم يۈرمەكتە. شۇڭا بەزى مەسچىتلەردىكى جامائەتنىڭ ئىماملارغا بولغان ئىخلاس-ھۆرمىتى سۇسلىشىپ، ئەتىگەن-ئاخشامدىكى نامازدا جامائەت بەش-ئالتىدىن ئاشمايدىغان بولۇپ قالغان.

بەزى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرى جۈمە نامىزىدىكى خۇتبە سۆزىنى ياخشى ئەترابلىق چۈشەندۈرۈپ سۆزلىيەلمەي، مۇسۇلمانلار ئىچىدە خاتا چۈشەنچە پەيدا قىلىپ، ئىناقسىزلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ. بەزى ئىمام، مۇئەززىن، قارىيلارنىڭ پەقەت قۇرئان ساۋادىلا بولۇپ، باشقا ئىلمىي ساۋادى يوق. قىسقىسى ئۇلار، بىرەر ئىسلام دارىلفۇنۇنىدا تەربىيىلەنمىگەن ياكى بىرەر نوپۇزلۇق دىنىي ئۆلىمادىن تەلىم ئالمىغان، بىلىمى چولتا، ئىقتىدارى كەم. بولۇپمۇ ئۇلار ھازىرقى ئىسلام دۇنياسىنى چۈشەنمەيدۇ. دۇنيادا نېمە ئىشلار بولۇۋاتىدۇ؟ پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ قايسى مەملىكەتلەر دۇنيانىڭ ئالدىدا تۇرۇۋاتىدۇ؟ قايسى دۆلەتلەر پەن-مەدەنىيەتتە ئارقىدا قېلىۋاتىدۇ؟ ئىسلام ئەللىرىدە پەن-تېخنىكا تەرەققىياتى قانداق بولۇۋاتىدۇ؟ دېگەنلەرنىڭ ھېچقايسىسىدىن خەۋىرى يوق. دۇنيادا قانچە چوڭ دىن بار؟ ئۇلارنىڭ ئەھۋالى قانداق؟ دېسىڭىزمۇ ئۇقمايدۇ؛ ئېلىمىزنىڭ نۆۋەتتە بىزگە قاراتقان مىللىي ،دىنىي سىياسىتىدىن ۋە تۈرلۈك قانۇن-نىزاملاردىن سوئال سورىسىڭىزمۇ ''خەۋىرىم يوق ''دەپ جاۋاپ بېرىدۇ. قىسقىسى ئۇلار يېڭى بىر ئىلىم، ئۇچۇر ئىگەللەشكە ئىنتايىن قېرىق، بار دەسمىيىنى بېسىپ يەپ يېتىۋېرىشكە كۆنۈپ قالغان. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلىغا يېزىلىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىشقا دەۋەت قىلىنسا، بەزى ئىماملار بۇنىڭدىن باش تارتقان بەزىلىرى ئېرىنگەن ھالدا ۋاراقلاپ، ئاندا-مۇندا كۆز يۈگۈرتۈپ قويۇپلا، بۇنىڭ ئارزۇلىغۇدەك نېمىسى بار دېگەندەك قىلىپ، باشقىلارغا سىلەر ئوقۇڭلار دەپ بېرىۋەتكەن.

دېمەكچىمەنكى، ھازىر بىلىمسىزلىك، نادانلىق ئىسراپچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىۋاتىدۇ، ئىسراپچىلىق كىشىنى ئىماندىن ئاجرىتىۋاتىدۇ. ئاللاھنىڭ كالامى بولغان «قۇرئان كەرىم» دە ئىسراپچىلىقنىڭ شەيتانىي قىلىق ئىكەنلىكى توغرىسىدا روشەن ئايەتلەر بار ئەمەسمۇ؟!

مەن «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئارقىلىق نوپۇزلۇق ئالىم-ئۆلىمالىرىمىزنىڭ مۇشۇ ھەقتە كۆپرەك «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىف»تىن ۋە تۈرلۈك پەننىي بىلىملەردىن تەلىم بېرىشىنى، شۇنداقلا ھەر قايسى ئىسلام جەمئىيەتلىرى، ئىسلام دارىلفۇنۇنلىرى، بىرلىكسەپ ئورۇنلىرىنىڭ يەنىمۇ تىرىشچانلىق كۆرسىتىپ، ئاپتونوم رايون، ئوبلاست، ۋىلايەت ۋە ناھىيىلەردىكى مۇناسىۋەتلىك ئورۇنلارغا تەكلىپ بېرىپ، چەت ناھىيە، يېزا-كەنتلەردىكى مەسچىتلەرنىڭ ئىمام-خاتىپلىرىنى ۋە يەرلىك قارىي-مولللىرىنى تەرتىپكە سېلىش، ياشلاشتۇرۇش، ئۇلارنى دىنىي ھەم پەننىي بىلىملەرگە ئىگە قىلىشنى ئۈمىد قىلىمەن. يەنە ئۈمىدىم شۇكى، ھەر قايسى دىنىي مەكتەپتە تەربىيىلەنگەن تالىپلار مۇشۇنداق چەت ناھىيە، يېزا-كەنتلەرگە ئاز-تولا تەقسىم قىلىنسا، ھەممە ئالىم-ئۆلىمالار شەھەرگىلا يىغىلىۋالمىسا، مېھرىبان ئاللاھ ئۇلارنىڭ جاپالىق ئەمگەكلىرىگە يارىشا بۇ دۇنيا ۋە ئۇ دۇنيادا تېگىشلىك ھەققى-مۇكاپاتىنى بېرىدۇ-ئەلۋەتتە!

(ئاپتور: نىلقا ناھىيىسىدىن)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 13-نۆۋەتلىك مىسىر ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشى مەجلىسىگە قاتنىشىپ كەلدى

مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى، ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ رەئىسى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇقنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى ئەلى لىيۇ شۇشياڭ قاتارلىق ئىككى كىشى 2001-يىلى 5-ئاينىڭ 31-كۈنىدىن 6-ئاينىڭ 3-كۈنىگىچە ئەرەپ مىسىر جۇمھۇرىيىتىنىڭ پايتەختى قاھىرە شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭىشىنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەجلىسىگە قاتناشتى. بۇ قېتىمقى مەجلىس مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ئۇيۇشتۇرۇشى بىلەن، مىسىر زۇڭتۇڭى مۇھەممەد ھۇسنى مۇبارەكنىڭ غەمخورلۇقىدا چاقىرىلغان بولۇپ، بۇ يىغىنغا 62 دۆلەت ۋە يەتتە خەلقئارا ئىسلام تەشكىلاتىدىن جەمئىي 350 ۋەكىل قاتناشتى، بۇنىڭ ئىچىدە 19 دۆلەتنىڭ دىنىي ئىشلار مىنىستىرى، 15 دۆلەتنىڭ مۇفتىلىرى بار. ئېچىلىش مۇراسىمىدا ۋەزىر مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق ئالدى بىلەن مىسىر زۇڭتۇڭى مۇبارەكنىڭ يىغىنغا يوللىغان تەبرىك خېتىنى ئوقۇپ ئۆتتى. مىسىرنىڭ ئەزىم ئىمامى قوشۇمچە ئەزھەر شەيخى دوكتور مۇھەممەد سەئىد تەنتاۋى، ئەرەپ ئەللىرى بىرلەشمىسىنىڭ يېڭىدىن تەيىنلەنگەن باش كاتىپى، مىسىر تاشقى ئىشلار مىنىستىرلىكىنىڭ سابىق مىنىستىرى ئامىر مۇسا، مىسىر دىنىي ئىشلار ۋەخپە ۋازارىتىنىڭ ۋەزىرى دوكتور مەھمۇد ھەمدى زەقزۇق قاتارلىقلار ئېچىلىش مۇراسىمىدا نۇتۇق سۆزلىدى. ئۈچ كۈن داۋام قىلغان بۇ يىغىندا، جەمئىي 79 نەپەر ۋەكىل چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقتى. يىغىننىڭ قارالمىسى ''ئىسلاھاتنىڭ زۆرۈرىيىتى ۋە ئۇنىڭ نىزامى''، ''ئىسلام دىنى فىقھى ساھەسىدىكى ئىسلاھات''، ''ئىسلام دەۋىتى ۋە ئاخبارات ئورۇنلىرىدىكى ئىسلاھات''، ''ئويغىنىش ۋە گۈللىنىش''، دېگەن تۆت مەسىلىدىن ئىبارەت. يىغىن ئاخىرىدا يىغىن نامىدىن «خىتابنامە» ماقۇللاندى. ئۇنىڭ ئاساسى مەزمۇنى: ''دىنىي ئېتىقاد، ئىبادەت ۋە «قۇرئان كەرىم»، «ھەدىس شەرىپ»تىكى قەتئىي شەرىئەت ھۆكۈملىرىدىن باشقا، ھازىرقى زاماندا جەمئىيەتتە يۈز بېرىۋاتقان يېڭى-يېڭى مەسىلىلەرگە قارىتا ئىجتىمائىي، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىلىم-پەن ۋە فىقھى ئالىم-ئۆلىمالاردىن تەركىب تاپقان ئىسلام فىقھى ھەيئىتى ۋە تەتقىقات مەركىزى قۇرۇپ، دىنىي تۈزۈملەردىن تولۇق پايدىلىنىپ، ھازىرقى زامان ئىلىم-پەن ئەمەلىيىتىنى قوبۇل قىلىپ، جەمئىيەت تەرەققىياتىغا ماسلىشىدىغان دىنىي ھۆكۈملەرنى بېكىتىش، دۇنيا مۇسۇلمانلىرىنىڭ تۇرمۇشىغا قولايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىش'' قاتارلىقلاردىن ئىبارەت. (ئادىل ھاجى كېرەم)

## جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى ۋەكىللىرى 14-نۆۋەتلىك ''دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يىغىنى''غا قاتناشتى

ئىران ''ئىسلام مەزھەپلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى''نىڭ باش كاتىپى شەيخ خوراسانىنىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ مۇئاۋىن رەئىسى قوشۇمچە باش كاتىپى مۇھەممەد ئەلى يۈ جېنگۈي، شاڭخەي ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ رەئىسى ھەسەن بەي رۇنشىڭ ۋە جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتى خەلقئارا بۆلۈمىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ئادىل ھاجى كېرەم 2001-يىلى 6-ئاينىڭ 10-كۈنىدىن 12-كۈنىگىچە ئىران ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ پايتەختى تېھراندا ئۆتكۈزۈلگەن ''14-نۆۋەتلىك دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يىغىنى''غا قاتناشتى: مىسىر، لىۋان، يەمەن، كۇۋەيت، سۇدان، ئومان، ئالجىرىيە، سۈرىيە، سەئۇدى ئەرەبىستانى، ئىئوردانىيە، ئىراق، ماراكەش، بېنگال، ھىندونېزىيە، تاجىكىستان، پاكىستان، ئەزەربەيجان قاتارلىق ئىسلام ئەللىرىدىن كەلگەن ئۆلىما-ئالىملار، مۇتەپەككۇرلار، دىنىي تەشكىلاتلار رەھبەرلىرى ۋە جۇڭگو، روسىيە، ئامېرىكا، ئىتالىيە، گېرمانىيە، فرانسىيە قاتارلىق مۇسۇلمانلار ئاز سانلىقنى تەشكىل قىلىدىغان ئەللەرنىڭ ئالىملىرى، دىنىي داھىيلىرى قاتارلىقلار بولۇپ 30 دەك دۆلەتتىن 80 دەك ۋەكىل ھەم ئىراننىڭ ئۆزىدىن 50 نەچچە ئادەم بۇ يىغىنغا ئىشتىراك قىلدى.

يىغىننىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىغا ئىراننىڭ سابىق زۇڭتۇڭى رافسانجانى ئىشتىراك قىلدى ۋە يىغىن

ئېچىش نۇتقى سۆزلىدى. رافسانجانى ئۆز نۇتقىدا: مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى، ساھابىلىرى ئىسلام دىنىنىڭ تەرەققىياتى ۋە قۇدرەت تېپىشىدا يۇقىرى دەرىجىدە رول ئوينىدى. بىز ئۇلارنى ئۆزىمىزگە ئۈلگە قىلىپ، ھەر قايسى مەزھەبلەر ئوتتۇرىسىدىكى ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشىمىز لازىم. ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئوخشىماسلىقلاردا ئۆز پىكرىدە قېلىش بىلەن، ئىسلام ئەللىرىدە بار بولغان ئادەم كۈچى، ماددىي كۈچى ۋە مالىيە كۈچى قاتارلىق ئالاھىدىلىكلىرىمىزدىن پايدىلىنىپ، ئىسلام دۆلەتلىرىنىڭ ئىقتىسادىنى راۋاجلاندۇرۇشىمىز لازىم''دېدى. يىغىنغا يەنە ئىران ''ئىسلام مەدەنىيىتى ۋە تاشقى مۇناسىۋەت ئىتتىپاقى''نىڭ رەئىسى شەيخ تەسخىرى، '' ئىسلام مەزھەبلىرىنى يېقىنلاشتۇرۇش دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى''نىڭ باش كاتىپى شەيخ خۇراسانى ۋە ''مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ئائىلىسى دۇنياۋى تەتقىقات مەركىزى''نىڭ باش كاتىپى ۋىلاياتى قاتارلىق بىر قىسىم مەشھۇر ئۆلىمالارمۇ قاتناشتى. بۇ قېتىمقى يىغىندا ھەر قايسى دۆلەتتىن كەلگەن ۋەكىللەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالام ۋە ساھابىلەرنى ئۈلگە قىلىپ، ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقىنى كۈچەيتىش، ھەر قايسى مەزھەبلەر ئىختىلاپلارنى تۈگىتىپ، ئوخشاشلىقلاردا بىرلىككە كېلىپ، ئوخشىماسلىقلاردا ئۆز پىكرىدە قېلىش، سىياسىي ئىقتىسادىي جەھەتلەردە پەيدىنپەي دۇنياۋىلىشىشقا يۈزلىنىش بولۇۋاتقان ئەھۋالدا رىقابەتكە بىرلىكتە ئاتلىنىش قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە پىكىر ئالماشتۇردى. يىغىندا موشۇ مەركىزىي مەسىلىلەرنى چۆرىدىگەن ھالدا سەككىز چوڭ تېما ئاساسىدا بەش قېتىم چوڭ يىغىندا سۆزگە چىقىش ئورۇنلاشتۇرۇلدى.

يىغىندا سۆزگە چىققانلارنىڭ كۆپىنچىسى ئۆز سۆزىدە ئىسلام دىنىدىكى ھەر قايسى مەزھەبلەر مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى ۋە ساھابىلىرىگە چوڭقۇر مۇھەببەت باغلايدىغانلىقى ۋە يۇقىرى ئېھتىرام بىلدۈرىدىغانلىقى توغرىسىدا ئۆزلىرىنىڭ پىكىر-تەكلىپلىرىنى بايان قىلىشتى.

«مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى ۋە موھتەرەم ساھابىلىرى» دېگەن چوڭ تېمىدا سۆزگە چىقىش يىغىنىدا مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي «مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە- تاۋابىئاتى ۋە ساھابىلىرىنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى»دېگەن تېمىدا سۆزگە چىقىپ، ئىسلام دىنىنىڭ بىرىنچى خەلىپىسى ئەبۇ بەكرىنىڭ مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئائىلە-تاۋابىئاتى ۋە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىدىكى ئورنى، شۇنىڭدەك جۇڭگو مۇسۇلمانلىرىنىڭ سىياسىي، ئىقتىسادىي، مەدەنىيەت، دىنىي تۇرمۇش قاتارلىق جەھەتلەردىكى ئەھۋالىنى قىسقىچە تونۇشتۇرۇپ ئۆتتى، ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرى ۋە ئىسلام دىنى تەشكىلاتلىرى بىلەن ئۆز ئارا بېرىش-كېلىش مۇناسىۋىتى ۋە دوستلۇقىنى كۈچەيتىشنى ئۈمىد قىلدى، ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنىڭ جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى ئولتۇراقلاشقان رايونلارنى زىيارەت قىلىپ، جۇڭگودا دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنىڭ ئىزچىللاشتۇرۇلۇشى بىلەن مۇسۇلمانلاردا بولغان ئۆزگىرىشلەرنى ئۆز كۆزى بىلەن كۆرۈپ كېلىشكە تەكلىپ قىلدى.6-ئاينىڭ 12-كۈنى ئىراننىڭ دىنىي داھىيسى خامىنئى، زۇڭتۇڭى خاتەمى، سابىق زۇڭتۇڭى رافسانجانى بىرلىكتە ۋەكىللەرنى قوبۇل قىلدى. خامىنئى بىلەن خاتەمى مەۋلۇت مۇناسىۋىتى بىلەن سۆز قىلىپ، دۇنيادىكى ھەر قايسى ئەللەر مۇسۇلمانلىرىنى مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالىيجاناپ پەزىلىتى ۋە ئۇلۇغ تۆھپىلىرىنى كەڭ دائىرىدە جارى قىلدۇرۇپ، مۇھەممەد ئەلەيھىسسالامنىڭ تەلىملىرىگە ئەمەل قىلىپ، مۇسۇلمانلار ئىتتىپاقلىقىنى كۈچەيتىشكە چاقىردى.

يىغىن داۋامىدا مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي قاتارلىقلار ھەر قايسى ئەللەر ۋەكىللىرى بىلەن كەڭ دائىرىدە ئۇچرىشىپ ، مەملىكىتىمىزنىڭ ئىسلاھات ئېچىۋېتىشتىن كېيىنكى ياخشى ۋەزىيىتى ، مىللەتلەر باراۋەرلىكى ۋە دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى تونۇشتۇردى؛ شۇنداقلا ئىران دۆلەتلىك تېلېۋىزىيە ئىستانسىسى قاتارلىق ئاخبارات ئورۇنلىرىنىڭ زىيارىتىنى قوبۇل قىلدى. (ئادىل ھاجى كېرەم)

**بۇ سانىنىڭ ماقالىلىرى ۋە بەتلىرى ئەلكاتىپ 2.6 نۇسخىسىدا ئىشلەندى. كومپيۇتېر مەشغۇلاتىدا ئەنۋەر مۇھەممەد. ئوقۇرمەنلەرنىڭ ژۇرنىلىمىزنىڭ تېخنىكىلىق مەسىلىلىرى ھەققىدە تەكلىپ بېرىشىنى ئۈمىد قىلىمىز. «جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى**

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونىدىكى ئىسلام دىنى ساھەسىدىكى دىنىي زاتلارنىڭ ساپاسىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن ئاپتونوم رايونلۇق پارتكوم، خەلق ھۆكۈمىتى2001-يىلى ئاپتونوم رايون ، ۋىلايەت(ئوبلاست)، شەھەرلەردە 8000 نەپەر دىنىي زاتنى ئوقۇتۇشنى قارار قىلدى. ئۇلاردىن 2000نەپىرى ئۈرۈمچىدىكى ئاپتونوم رايونلۇق ئىسلام دىنى مەكتىپىدە ھەر قاراردا 200دىن ئوقۇۋاتىدۇ. ئۇلارنىڭ سىياسىي-قانۇن دەرسلىرىنى ئاپتونوم رايوننىڭ مۇناسىۋەتلىك تارماقلىرىدىكى مەسئۇللار ۋە ئالىملار ئۆتكەندىن سىرت ، دىنىي دەرسلەرنى ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر قايسى جايلىرىدىكى مەشھۇر ئۆلىمالار ۋە شىنجاڭ ئىسلام دارىلفۇنۇنىدىكى دىنىي دەرس ئوقۇتقۇچىلىرى ئۆتۈشكە ئالدى. بۇ كۇرسقا ئاپتونوم رايوننىڭ ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىرى ئىنتايىن كۆڭۈل بۆلدى.



كۇرسقا قاتناشقان دىنىي زاتلار دەرسلەرنى كۆڭۈل قويۇپ ئاڭلىماقتا.



ئاپتونوم رايون رەھبەرلىرىدىن ئابلەت ئابدۇرىشىت، ئابدۇقادىر نەسىردىن،نۇر بەكرى، جاڭ يۈجوڭ قاتارلىقلار كۇرسانتلار بىلەن قىزغىن سۆھبەتلەشتى.




كۇرسقا قاتناشقان دىنىي زاتلار 3-قارارلىق كۇرسنىڭ ئاياغلىشىش مۇراسىمىدا



كۇرستا مۇكاپاتقا ئېرىشكەن مۇنەۋۋەر كۇرسانت ۋەكىللىرى (رەسىملەرنى دىلمۇرات تەمىنلىگەن)



جەمئىيىتىمىز ۋەكىللىرى مۇھەممەد ئەلى يۈي جېنگۈي، ئادىل ھاجى كېرەم قاتارلىقلار ئىراندا ئۆتكۈزۈلگەن 14-نۆۋەتلىك” دۇنيا ئىسلام ئىتتىپاقى يىغىنى“غا قاتناشتى.




جەمئىيىتىمىز ۋەكىللىرى ئەلى ليۇ شۇشياڭ قاتارلىقلار مىسىردا ئۆتكۈزۈلگەن ئىسلامىيەت ئالىي كېڭەشنىڭ 13-نۆۋەتلىك مەجلىسىگە قاتناشتى.(سۈرەتنى چاڭ چىڭلياڭ تەمىنلىگەن)

ئۇيغۇر كىتاب تور بېكىتى
www.uyghurkitap.com

# ژۇرنىلىمىزنىڭ 2002- يىللىق سانلىرىغا ۋە 2001- يىللىق توپلىمىغا مۇشتەرى بو

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى مەركەزدىكى ئالاقىدار باشقۇرۇش تارماقلىرىنىڭ تەستىقلىشى بىلەن جۇڭگو ئىسلام جەمئىيىتىنىڭ باشقۇرۇشىدا نەشر قىلىنىپ، دۆلەت ئىچى ۋە خەلقئارالىغا ئاشكارا تارقىتىلىدىغان پەسىللىك ژۇرنال بولۇپ، 1996- يىلى ئەسلىگە كەلتۈرۈلۈپ جامائەت بىلەن يۈز كۆرۈشكەندىن بۇيانقى ئالتە يىلدىن بېرى كەڭ جامائەتنىڭ قىزغىن ئالقىشىغا ئېرىشىپ، مۇشتەرىلىرى يىلدىن يىلغا كۆپىيىپ باردى. شۇنداقلا ئىتتىپاقلىق ۋە مۇقىملىقنى ئىلگىرى سۈرۈش، ھۆكۈمەتنىڭ دىنىي ئېتىقاد ئەركىنلىكى سىياسىتىنى ئىزچىللاشتۇرۇش، دىنىي بىلىملەرنى ئومۇملاشتۇرۇش، ئىبادەت-رەسمىيەتلەرنى بىرلىككە كەلتۈرۈش، ئىسلام دىنىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىنى تەشۋىق قىلىش ۋە جارى قىلدۇرۇش قاتارلىق جەھەتلەردە ئاكتىپ رول ئويناپ، مەلۇم تەسىرگە ئىگە بىردىنبىر ئىسلام ژۇرنىلى بولۇپ قالدى. كېلەر يىلدىن باشلاپ ژۇرنالنىڭ سۈپىتىنى تېخىمۇ ئۆستۈرۈپ، مەزمۇن ۋە سەھىپىلىرىنى تېخىمۇ مول ۋە كۆركەم قىلىپ چىقارماقچىمىز.

مەزكۇر ژۇرنال ھەر پەسىلنىڭ ئاخىرقى ئېيىنىڭ بېشىدا نەشردىن چىقىپ تارقىتىلىدۇ. 2002-يىللىق سانلىرىنىڭ تاق باھاسى تۆت يۈەن، يىللىق باھاسى 16 يۈەن. ژۇرنىلىمىزنىڭ 2001- يىللىق توپلىمى 12- ئاينىڭ بېشىدا توپلىنىپ 4- سان ژۇرنال بىلەن تەڭ تارقىتىلىدۇ، باھاسى 25 يۈەن.

2002- يىلدىن باشلاپ، پوچتا ئارقىلىق تارقىتىش بىلەن بىۋاسىتە تارقىتىش بىللە ئېلىپ بېرىلىدۇ. پوچتا ئارقىلىق مۇشتەرى بولغۇچىلار تەپسىلات بويىچە گېزىت-ژۇرناللارغا مۇشتەرى قوبۇل قىلىش ئىزنىكى توپلىمىدىكى ژۇرنىلىمىز نومۇرى بويىچە ھەرقايسى جايلاردىكى پوچتىخانىلاردا مۇشتەرى بولسا بولىدۇ. بىۋاسىتە مۇشتەرى بولغۇچىلار جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش گۇرۇپپىلىرىغا ياكى ژۇرنالدىكى ئادرېس بويىچە تەھرىر بۆلۈمىمىزگە بىۋاسىتە مۇشتەرى بولسا بولىدۇ. 2001- يىللىق توپلام تەھرىر بۆلۈمىمىز ۋە جايلاردىكى مۇشتەرى توپلاش گۇرۇپپىلىرى ئارقىلىق تارقىتىلىدۇ.

مۇشتەرى قوبۇل قىلىش خىزمىتى 10- ئاينىڭ 1- كۈنىدىن باشلىنىپ 12- ئاينىڭ ئاخىرى ئاياغلىشىدۇ. 100 دىن ئارتۇق ژۇرنالغا، 30 دىن ئارتۇق توپلامغا يىللىق مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا 20 پىرسەنت، ژۇرنالغا 500دىن ئارتۇق، توپلامغا 125 تىن ئارتۇق مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا 23 پىرسەنت، ژۇرنالغا 1000دىن ئارتۇق، توپلامغا 250 تىن ئارتۇق مۇشتەرى توپلىغۇچىلارغا 25 پىرسەنت ئېتىبار قىلىنىدۇ. بىۋاسىتە مۇشتەرى بولغۇچىلار يىل ئاخىرىغىچە پۇلنى يوللاپ بولۇشى كېرەك، پۇل كېلىپ بولغاندىن كېيىن مۇشتەرىلەر سانىغا قاراپ ژۇرنال نەشر قىلىنىدۇ.

كەڭ مۇسۇلمانلارنىڭ، ژۇرنىلىمىز زوقمەنلىرىنىڭ، ئىدارە-تەشكىلات، مائارىپ-مەدەنىيەت تارماقلىرىدىكى مۇناسىۋەتلىك گۇرۇپپىلارنىڭ پائال مۇشتەرى بولۇشىنى قىزغىن قارشى ئالىمىز.

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» ژۇرنىلى ئۇيغۇر تەھرىر بۆلۈمى

ISSN 1007-5836
9 771007 583001 09>

«جۇڭگو مۇسۇلمانلىرى» 《中国穆斯林》(维吾尔文版)
2001-يىل 3-سان (ئومۇمىي 60-سان) 2001年第三期(总60期)

ژۇرنالنىڭ خەلقئارالىق نومۇرى: ISSN 1007—5836
دۆلەت ئىچى نومۇرى: CN11—1346/B
刊号:

公开发行 定价: 4.00元
ئاشكارا تارقىتىلىدۇ باھاسى: 4.00 يۈەن